بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

المسلم الصيني



1

2006

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




2005 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتكە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركەز بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لىيۇ يەندۇڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى.



لىيۇ يەندۇڭ، يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى مەسئۇللىرى بىلەن سەممىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى.




تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان بارلىق ئۇستاز، تالىپ ۋە ۋەكىللەر لىيۇ يەندۇڭ، يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئاڭلىماقتا.



لىيۇ يەندۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەر تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



لىيۇ يەندۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى مەسئۇللىرىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

# رەئىس جيا چىڭلىن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرى بىلەن باھار بايرىملىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن 2006 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنى جوڭنەنخەيگە سۆھبەتكە چاقىلىدى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھەم باش شۇجى خۇ جىنتاۋغا ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى دىنىي زاتلار ۋە كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ يېڭى باھار بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۇ(خۇيزۇ)، دۆلەت كومىسسارى قوشۇمچە گوۋۇيۈەن باش كاتىپى خۇا جيەنمىن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو كاتولىك دىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى فۇ تيېشەن، شۇنداقلا دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن قاتارلىقلار ۋە مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى سۆھبەتكە قاتناشتى. جۈملىدىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ ، شەمشىدىن ھاجى، مۇھەممەد سىددىق ماجۇڭجې، جايلاردىكى مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ھەبىبۇللا شې شىڭلىن، ئابدۇللا خەن شىڭگۈيلار سۆھبەتكە قاتناشتى.

رەئىس جيا چىڭلىن دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى:

يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر ئالدىدا، دىنىي خىزمەتتە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ دىنىي خىزمەت ھەققىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ دىنىي خىزمەت جەھەتتىكى تۈپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ۋە كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەرەققىيات ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسنى پۇختىلاپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

رەئىس جيا چىڭلىن 2005 - يىللىق دىنىي خىزمەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى ۋە بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار ھەم دىنىي زاتلارنىڭ جاپالىق خىزمىتىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:

2006 - يىلى 11 - بەش يىللىق مەزگىلنىڭ تۇنجى يىلى بولۇپ، بۇ يىلدا ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دىنىي خىزمەتتە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئومۇمىيلىقى مەۋقەسىدە تۇرۇپ، تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ بىرىنچى ئاملغا ئىزچىل بويسۇنۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئاتلاندۇرۇپ، دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە مىللەتنىڭ قۇدرەتلىك بولۇپ روناق تېپىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشنى نۇقتا قىلىپ، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەپ،سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك. ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ئالاھىدىلىككە ماسلىشىپ، مۇستەقىل بولۇش ۋە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش، چەتئەل كۈچلىرىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىگە ھەقىقىي تاقابىل تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ۋە ئۇيۇمچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئامما بىلەن ئالاقىلىشىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاستىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

رەئىس جيا چىڭلىن ئاخىرىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۇزاق ۋاقىتلىق ئىش، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىش نىشانىسىنى باشتىن ئاخىر ساقلاپ قېلىش - قالالماسلىقىدا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا ئۇزلۇكسىز ئۇيغۇنلىشىش - ئۇيغۇنلىشالماسلىقىدا يۇقىرى ساپالىق دىنىي خادىملار قوشۇنىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ھەل قىلغۇچ مەسىلە. ھەر قايسى دىنىي تەشكىلاتلار دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى چوقۇم بىر جىددىي ۋەزىپە سۈپىتىدە ئۆز خىزمىتىنىڭ كۈن تەرتىپىگە قويۇپ، ھەقىقىي تۇردە چىڭ تۇتۇشى، ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ئوتتۇرا ياش، ياش دىنىي خادىملارنى سىياسىي ساپا، مەدەنىيەت ساپاسى، دىنىي ئىلىم، ئەخلاق - پەزىلەت قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى پېشقەدەم دىنىي زاتلارغا ئوخشاش بىر قەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ۋە ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشكە ئىگە، ئېتىقادچى ئاممىا ئارىسىدا بىر قەدەر يۇقىرى ئىناۋىتى بار، ۋەتەننى، دىنىنى سۆيىدىغان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ، ھەمكارلىشالايدىغان قىلىپ چىقىش كېرەك.

سۆھبەتتىن كېيىن رەئىس جيا چىڭلىن سۆھبەت قاتناشچىلىرى شەرىپىگە جوڭنەنخەيدە زىياپەت بەردى. (ش)

# المسلم الصينى

# مۇندەرىجە




**جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى**

**中国穆斯林**

(پەسىللىك ژۇرنال 季刊)

(ئومۇمىي 78 - سان 总第78期)

باش مۇھەررىر :
شەمشىدىن ھاجى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر :
ھاجى بارات رەجەپ

تېخنىك تەھرىر، مەسئۇل كوررېكتور:
ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

تەكلىپلىك تەھرىر:
ئادىل ھاجى كېرەم

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى :
شەمشىنۇر ھوشۇر

主　　编：夏米西丁·哈吉
副 主 编：巴拉提·热吉甫
技术编辑：安瓦尔·穆罕默德
特邀编辑：阿迪力·阿吉克力木
封面设计：夏美希努尔·吾守尔

刊号 خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007－5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11－1346/B

邮发代号：58—167 :پوچتا ۋاكالەت نومۇرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720

国外代号：Q1720



E-mail: ujmtb@yahoo.com.cn


## ئالاھىدە خەۋەرلەر


جىيا چىڭلىن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرى بىلەن باھار
بايرىمىلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى.................. ئۆز خەۋىرىمىز(1)
جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى داغدۇغىلىق
ئۆتكۈزۈلدى ........................... ئۆز خەۋىرىمىز(4)
مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت
بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لىيۇ يەندۇڭنىڭ سۆزى(قىسقارتىلمىسى)... (5)
دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېننىڭ
سۆزى(قىسقارتىلمىسى) ........................... (7)


## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى


ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان..........
.......................... مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى (10)


## شەرىئەت ئەھكاملىرى


نەفلە نامازنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ خاسىيەتلىرى..........
.................... ئىسمائىل ياقۇپ(18)


## ئىسلام ئەقىدىلىرى


ئاللاھنىڭ ئىمەتلىرىنى تونۇش ۋە ئۆزىنى بىلىش توغرىسىدا........
...................... ئابدۇغېنى ئابدۇۋەلى (21)


## ۋەز - تەبلىغلەر


ئىسلام دىنى ئىتتىپاقلىق ۋە كەڭ قورساقلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان
دىن ...................................(25)
مۇسۇلمانلار قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشى كېرەك..........(32)
سودىدا راستچىل بولۇش مۇسۇلمانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى...... (38)


## ئىسلام دىنى ۋە ئائىلە


ئائىلە ۋە ئاتا - ئانا، پەرزەنتلەرنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرى ...
.....................ياقۇپ ھەمدۇللا (44)

CHINA MUSLIM

# مۇندەرىجە

2006
1
باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى : «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100053
تېل: 83520073 ، 63513181 ـ 010
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:
ئۈرۈمچى يەنئەن يولى119 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى:830001
تېل: 2566193 ـ 0991
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەئەللەرگە تارقىتىدۇ.
(بېيجىڭ 399 ـ خەت ساندۇقى)

主　　办: 中国伊斯兰教协会
编辑出版: 《中国穆斯林》维文编部
印　　刷: 中央民族大学印刷厂
订阅、发行: 全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局; 《中国穆斯林》维文编辑部
地址: 北京市宣武区南横西街 103 号
邮编: 100053
电话: (010) 63513181, 83520073
新疆发行站: 乌鲁木齐市延安路 119 号
邮编: 830001 电话: (0991) 2566193
国外发行: 中国国际图书贸易公司
(北京 399 信箱)

## ئىسلام دىنى ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت

ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر ئەدەپ ........ ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد (49)

## ئىسلامىي بىلىملەر

قىبلە ۋە قىبلىنى بېكىتىش ھەققىدە چۈشەنچە........................ ئەھمەد مەخسۇم خاقانى (56)
مىلادىيە يىلىنى ھىجرىيە يىلىغا ئايلاندۇرۇپ ھېسابلاشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرى.......... نۇرمەھەممەت ئابلەت (59)

## ئىسلام دىنى ۋە سالامەتلىك

ئەيدىز كېسىلى شىنجاڭدا قورقۇنچلۇق ھالدا يامرىماقتا.......(62)

## خەلقئارالىق بېرىش ـ كېلىشلەر

پادىشاھ ئابدۇللا بىن ئابدۇل ئەزىز جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى.......................(65)
ئىئوردانىيە پادىشاھى ئابدۇللا II جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ....................(65)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

2006 ـ يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى........(66)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قوربان ھېيتلىق زىياپەت ئۆتكۈزدى...........(67)
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى 2 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى...(67)
ھېبىبۇللا مەتسەيدى، ئابدۇرىشىت ۋاسىل قاتارلىقلار خەۋىرى...........(67)

## خەۋەرلەر

ھاجى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى...(64)
ئابدۇلتىپ داموللا ھاجى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى ............ (20)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

ھەسەن ئەمەت، سىدىق تۇردى، ئەخمەتجان ھوشۇر قاتارلىقلار خەۋىرى.... (68)

( بۇسان 2006-يىل 3-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى )

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: 2005 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. كونا ـ يېڭى مەكتەپداشلار ۋەكىللىرى، مەكتەپتىكى ساۋاقداشلار، مېھمانلار، بىر قىسىم يەرلىك ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لىيۇ يەندۇڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن قاتارلىق رەھبەرلەر تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى ۋە سۆزلىدى.

لىيۇ يەندۇڭ ئۆز سۆزىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى خىزمىتى ھەققىدە مەركەزنىڭ تەلەپ ـ ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى: يې شاۋۋېنمۇ جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى يەنىمۇ ياخشى باشقۇرۇش جەھەتتە كونكرېت تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.(رەھبەرلەرنىڭ سۆزى ئايرىم بېرىلدى)

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدىرى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا «ئىزدىنىش داۋامىدا ئالغا ئىلگىرىلەش» دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىپ، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ 50 يىلدىن بۇيانقى ئىزدىنىش، تەرەققىي قىلىش مۇساپىسىنى "تەسىس قىلىنىش، ئامالسىزلىقتىن توختاپ قېلىش، ئوقۇتۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىش" دېگەن تۆت باسقۇچقا بۆلۈپ ئەسلەپ ئۆتتى ۋە دارىلفۇنۇننىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات مەنزىرىسىنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي ـ دىنىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا، جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلارنىڭ تىنماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق 1955 ـ يىلى تەسىس قىلىنغانىدى. يېڭى تىپتىكى، پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك، ۋەتەننى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى سۆيىدىغان، بىر قەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىم ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ياش ئىختىساسلىق دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەيدىغان ۋە يېتىشتۈرىدىغان بۇ ئىسلام دىنى ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ تەسىس قىلىنىشى جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ھازىرقى زامان دىنىي مائارىپىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىپ بەردى.

50 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئىزچىل تۇردە توغرا ئوقۇتۇش يۆنىلىشىگە ئەمەل قىلىپ، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك، مۇئەييەن ئىدىيىۋى ئاڭ سەۋىيە ۋە دىنىي ئىلىم ـ پەزىلەتكە ئىگە، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن لاياقەتلىك خادىملارنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ يېتىشتۈردى: ھازىرغا قەدەر خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، دۇڭشياڭ، سالار، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەردىن 1064 نەپەر تالىپ ئوقۇش پۈتتۈردى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى رەھبەر ۋە تايانچىلاردىن بولۇپ، ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشۇپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى.

50 يىلدىن بېرى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئىسلام دىنى كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپلا قالماستىن، يېڭى دەۋردە دىنىي مەكتەپلەرنى قانداق ياخشى باشقۇرۇش جەھەتتىمۇ مەلۇم تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدى. ئىسلام دارىلفۇنۇنى يېڭى تىپتىكى ئىسلام مائارىپى ئاپپاراتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەدرىس مائارىپى ئەنئەنىسىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش شەكلى ۋە باشقۇرۇش ئەندىزىلىرىنى ئۆزگەرتىپ ۋ ئىسلاھ قىلىپلا قالماستىن، تەربىيىلەش ۋاقتىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىپ، جەمئىيەت ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان ئىسلام دىنى كەسپىي خادىملىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈردى. ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەنلەر ئىسلام دىنى بىلىملىرىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق ئىگىلەپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، ئەرەب تىلى سەۋىيىسىمۇ(جۈملىدىن شىنجاڭلىق تالىپلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىمۇ) بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم ئىختىساسقا ئىگە بولدى. ئۇلاردىن بىر مۇنچىلىرى يەنە قىرائەت قىلىش، ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلەش، ئەرەبچە ھۆسنخەت ، تاشقى ئىشلار تەرجىمانلىقى، ئىلمىي تەتقىقات قاتارلىق جەھەتلەردە مۇئەييەن ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، مىللەت ۋە دىنىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشماقتا.

50 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا مەركەزدىن 80 مىليون يۈەندىن ئارتۇق راسخوت ئاجرىتىش بىلەن جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى 500 تالىپلىق، زامانىۋى مەكتەپ قىلىپ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى. ئىشىنىمىزكى، بۇ ئارقىلىق مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلانغۇسى.

سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش داۋامىدا، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئىسلام دىنى تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك ھەم ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەدىكىلەرنىڭ ئىناق ياشىشىدىمۇ ھالقىلىق مەسىلە. (داۋامى 9 ـ بەتتە)

# مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭنىڭ سۆزى ( قىسقارتىلمىسى )

جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تەسىس قىلىنغان تۇنجى مەملىكەتلىك دىنىي دارىلفۇنۇن بولۇپ، ماۋزېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، لى ۋېيخەن قاتارلىق پېشقەدەم رەھبەرلەرنىڭ بىۋاستە غەمخورلۇقىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدا، بىر قەدەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئوتتۇرا ياش، ياش ئىسلام دىنى خادىملىرىنى يېتىشتۈرىدىغان بىردىنبىر دىنىي دارىلفۇنۇن. يېرىم ئەسىردىن بېرى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى باشتىن ئاخىر پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى چۆرىدىگەن ھالدا سوتسىيالىستىك ۋەتەننى سۆيىدىغان، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدىغان، بىر قەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىم ۋە ئەرەبچە تىل سەۋىيىسى، خەنزۇچە مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئىسلام كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىپ، ”دىندا دىننىڭ سۆزىنى قىلىش“ تىن ئىبارەت ئوقۇتۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مەكتەپ باشقۇرۇشتا قاتتىق بولۇپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئىناۋەتكە ئېرىشتى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئەتراپلىق ئۆستۈرۈش، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەن بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئاكتىپ تۆھپە قوشتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرى، جۈملىدىن ئىسلام مائارىپى ۋە تەربىيىلەش ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان دوستلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا باسىدىغان، ئومۇمىيلىققا بويسۇنىدىغان، مۇقىملىقنى قوغدايدىغان، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە بويسۇنىدىغان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. شۇڭا ئۇلار ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان مۇھىم ۋەتەنپەرۋەر كۈچ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىشەنچلىك سادىق دوستى. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمىزدا، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى زور ئىستىقبالغا ئىگە. ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دوستلارنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەت ئومۇمىيلىقىغا ئاڭلىق بويسۇنۇپ، مۇلازىمەت قىلىپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا تېخىمۇ كۆپرەك يېتەكلىشىنى، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ئاتلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن دىنىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشى ۋە دىنىي ساھەدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. چۈنكى بۇ دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ كەلگۈسى قىياپىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋە جىددىي ۋەزىپە. جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ دارىلفۇنۇن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى ئاچقۇچلۇق بۇرۇلۇش نۇقتىسى قىلىپ، يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ ئالغا بېسىپ، خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۈگۈنكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىغا بىر نەچچە ئۈمىد ـ ئارزۇيۇمنى دەپ ئۆتمەكچىمەن:

**بىرىنچى، توغرا ئوقۇتۇش نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ يۇقىرى ساپالىق دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش**

جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، زىممىسىدىكى شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، تىرىشىپ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، رەھبەرلىك كوللېكتىپى قۇرۇلۇشىنى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان بىر خىل ئوقۇتۇش يولى ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىشى لازىم. ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يەرلىك ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرى ۋە دىنىي مەكتەپلەرگە بولغان يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى يەنە دۇنيا ئىسلام دىنى تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ، باشقا دۆلەتلەردىكى ئىسلام مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىدىن ئۆلگە ئېلىپ، ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى ، دىنىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىرادە باغلىغان، بىر قەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە، ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان بىر تۈركۈم دىنىي

خادىملارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈشى كېرەك.

**ئىككىنچى، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىدىيە ـ نەزەرىيە تەربىيىسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش**

دىنىنىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن ھەمنەپەس، ئەگەر دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بولمىسا، دىنىنىڭمۇ ياخشى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. دىنىي مەكتەپلەر ۋە دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئۇستاز ـ تالىپلىرى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئېتىبار بىلەن قارىشى، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. بىز دەۋاتقان ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشنىڭ ئۆزگىچە مەزمۇنى بار، ۋەتەننى سۆيۈش دېگەنلىك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى سۆيۈش، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت؛ دىننى سۆيۈش دېگەنلىك سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشقان ئىسلام دىنىنى سۆيۈشتىن ئىبارەت. جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى يېتەكچىلىكىدە ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، كەڭ ئۇستاز ـ تالىپلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىش، كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىش، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزام، ۋە فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىگە ئەمەل قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىنى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا مېڭىش ئىرادىسىنى كۈچەيتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**ئۈچىنچى، ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش**

ئىسلام ئەقىدىلىرى ئىچىدە جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى ۋە دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان نۇرغۇن ئاكتىپ مەزمۇنلار، مەسىلەن: "ۋەتەننى سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىن"، "ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەت ئىزدەش" قاتارلىقلار بار. مۇشۇنداق مەزمۇنلارنى تىرىشىپ قېزىش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ يولى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بويان شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرغانلىقى جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ مۇشۇ جەھەتتە كۆرسەتكەن ئاكتىپ تىرىشچانلىقى بولۇپ، ئىجادىي خاراكتېرلىك، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بۇ خىزمەت ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ئاكتىپ ماسلىشىپ ياخشى ئىشلىشىنى، بۇ ئىدىيىلەرنى كەڭ ئوقۇغۇچىلارغا تەشۋىق قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تۆتىنچى، تالىپلارنىڭ ئەخلاق ساپاسى ۋە دىنىي بىلىمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ ۋە كۈچەيتىپ، ياخشى ئوبراز تۇرغۇزۇش**

جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن جايلاردىكى مەسچىتلەرگە بېرىپ دىنىي خادىم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپە ناھايىتى ئېغىر. ئۇلار ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش ھېسسىياتىغىلا ئىگە بولۇپ قالماستىن، مول دىنىي بىلىمگە ۋە ئەخلاقى پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن كەڭ ئېتىقادچى ئامما ئارىسىدا بىر قەدەر يۇقىرى ئىناۋەتكە مۇيەسسەر بولالايدۇ. شۇ چاغدىلا كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنى تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئاتلاندۇرالايدۇ. سىلەرنىڭ پېشقەدەم دىنىي زاتلارنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، قېتىرقىنىپ چېنىقىپ، پېشقەدەم دىنى زاتلارنى خاتىرجەم قىلىدىغان، ئېتىقادچى ئاممىنى خاتىرجەم قىلىدىغان ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى خاتىرجەم قىلىدىغان لاياقەتلىك دىنىي زات بولۇپ چىقىشقا تىرىشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ، ھۆكۈمەتلەر، بولۇپمۇ بىرلىكسەپ، دىن ئىشلىرى تارماقلىرى مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ مەملىكەتنىڭ دىنىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ياردەم بېرىش جەھەتتىكى مۇھىم تەدبىرلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ دىنىي مەكتەپلەرنى ياخشى يولغا قويۇشىغا يېتەكچىلىك ۋە ياردەم قىلىپ، دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى نۆۋەتتىكى دىن خىزمىتىدىكى مۇھىم ۋە تەخىرسىز ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ ۋە ئەمەلىي تۇتۇشى كېرەك.

يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتا، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ۋە كەڭ ئۇستاز ـ تالىپلارنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپە شەرەپلىك، مەسئۇلىيەت ئېغىر ۋە ئىستىقباللىق. ئىشىنىمەنكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى چوقۇم يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ، قىيىندا قولغا كەلگەن تارىخىي تەرەققىيات پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، پۇختا ئىشلەپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە يارىتىشنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. (ش)

## دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېننىڭ سۆزى ( قىسقارتىلمىسى )

جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدە يېڭى جۇڭگودا تەسىس قىلىنغان تۇنجى ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى مائارىپىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى سۈپىتىدە، دەۋر تەرەققىياتى ۋە مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنىنىڭ ئۆز تەرەققىياتى ئېھتىياجى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

50 يىلدىن بېرى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى زور بىر تۈركۈم ۋەتەننى، دىنىنى سۆيىدىغان، سىياسىينى، سىياسەتنى ئۇقىدىغان، بىر قەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت بىلىملىرى سەۋىيىسىگە ئىگە ھەم كۆپرەك دىنىي بىلىم ئىگىلىگەن ئىختىساسلىق ئىسلام دىنى خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇلاردىن بىر مۇنچىلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە، ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىدا رەھبەر ۋە تايانچ بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. بىر مۇنچىلىرى مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى مەشھۇر ئالىملاردىن بولۇپ قالدى، بىر مۇنچىلىرى جايلاردا چوڭ ئاخۇن، داموللا بولدى. بىر مۇنچىلار ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئەزاسى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولدى، يەنە بەزىلىرى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردا تەرجىمان بولدى. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردا مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتىدۇ.

پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەزەلدىن ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت زور بىر تۈركۈم مەبلەغ ئاجرىتىپ ھازىرقى ئىسلام دارىلفۇنۇنى بىناسىنى سالدۇرۇپ، رەئىس ماۋزېدۇڭ، جۇ ئېنلەي زۇڭلى دەۋرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئىززەت - ھۆرمىتىنى، ئاممىسى ئىسلام دىنىغا ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىقاد قىلىدىغان ئون ئاز سانلىق مىللەتكە بولغان كۆيۈنۈشىنى نامايان قىلغانىدى. شۇ چاغدا سېلىنغان بۇ بىنا 50 يىلدىن كېيىنكى ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ ھەيۋەت تۇرماقتا. ھازىرقى پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىمۇ پېشقەدەم داھىيلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. خۇ جىنتاۋ، جيا چىڭلىن، خۇي لياڭيۇ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ غەمخورلۇقىدا ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. 2004 - يىل 5 - ئايدا دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 7551 كۋادرات مېتىرلىق مېھمانخانىسى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىشخانا بىناسى قىلىنىشىغا پۈتۈنلەي ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئۈچۈن مەركەزدىن 74 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ ئاجراتتى. كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ قۇرۇلۇش ھەجمى 16مىڭ 928 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 500 تالىپ ئوقۇيدىغان بىر قەدەر چوڭ كۆلەملىك يېڭى شەكىلدىكى ئىسلام دارىلفۇنۇنى بولىدۇ. بېيجىڭ شەھەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىمۇ ئەسلىدىكى تالىپلار ياتىقىدا تۇرۇۋاتقان ئائىلىلەرنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن 2004 - يىلى 6 - ئايدا 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ ۋە 60 يۇرۇش ئەرزان ئۆي مەنبەسىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشنى كۈچلۈك قوللىدى.

ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ قاتتىق دېتال جەھەتتە يېڭى پەللىگە ئۆرلىشى يۇمشاق دېتال جەھەتتىمۇ يېڭى پەللىگە ئۆرلىشىگە يەنى پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدىغان ، بىر قەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىم ۋە ئېسىل ئەخلاق پەزىلەتكە ئىگە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي خادىملارنى تۈركۈملەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى. شۇڭا تۆۋەندە ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش جەھەتتە بىر نەچچە كونكرېت پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن:

### 1. مەكتەپ ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش

ئىسلام دارىلفۇنۇنى جۇڭگو ئىسلام دىنى ئۈچۈن ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرىدىغان جاي ، لاياقەتلىك ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش - چىقالماسلىق ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئوقۇتۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان - بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ نىشانىسى ئۇنىڭ مەكتەپ ئىستىلى بولۇپ، تالىپلارنى "توغرا يولنى جارى قىلدۇرۇپ، غەيرەتكە كېلىپ ئىختىساس ئىگىسى بولۇش" ئىرادىسىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. ئىختىساس ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن ئۇلۇغۋار ئىرادە يېتىشتۈرۈش، تۆھپىكارلىق روھى بولۇش كېرەك. بىر ياخشى مەكتەپتە چوقۇم بىر ياخشى ئىستىل بولۇش كېرەك. بۇ مەكتەپ ئىستىلى رەھبەرلىك، ئۇستازلار ۋە يۇقىرى سىنىپ تالىپلىرىنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي ۋارىسلىق قىلىشى، سۆز بىلەنمۇ، ھەرىكىتى بىلەنمۇ ئۈلگە كۆرسىتىشى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. ھازىر ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئىستىلى ئاساسەن ياخشى، بۇ ئىستىلنى ساقلاپ، مۇستەھكەملەپ، تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشكىلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ توغرا تەربىيىلەش نىشانىسى تېخىمۇ ياخشى مەكتەپ ئىستىلى بەرپا قىلىش ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلۈشى

www.uyghurkitap.com

كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئۇنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

### 2. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى كۈچەيتىش

ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا، ئىختىساسلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا كېڭەيتىش كېرەك. تېخىمۇ مۇھىمى ھازىر ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنى ياخشى تەربىيىلەپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشى ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولۇش ۋە ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا ئۈيۈشتۈرۈش كېرەك. ئۇلار دىنىي بىلىملەرنى ئۈزلۈكسىز جوغلاش ۋە دىنىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدىيىۋى سىياسىي ئۆگىنىشنى ۋە ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، بىلىمنى موللاشتۇرۇپ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. مۇۋاپىق بىلىم ئاشۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ھازىر ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلىرىنى نۆۋەت بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەلدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ ئۆز كەسپى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇپ كېلىشكە ئۈيۈشتۈرۈش كېرەك. مۇنتىزىم ئىلمىي تۈردىكى ئوقۇتۇش باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتىنى باھالاش تۈزۈمىنى ۋە ئالاقىدار مۇكاپاتلاش، جازالاش ، ئۆستۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى تۈزۈم ئارقىلىق تىزگىنلەش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئاكتىپلىقىنى باھالاش ئارقىلىق ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ئاتلاندۇرۇش كېرەك.

### 3. دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش

جۇڭگو ئىسلام دىنىمىز جۇڭگو سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، بىر قەدەر يۇقىرى دىنىي سەۋىيىلىك، نۆۋەتتىكى خەلقئارا ئىسلام دىنى تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ماس كېلىدىغان، ئىسلام دىنى ئىختىساسلىق خادىملىرىنى تەربىيىلەيدىغان بىر يۈرۈش دەرسلىكلەرگە جىددىي موھتاج . يېڭى دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتى ئىشلىنىۋاتىدۇ. ئەمما تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۆۋەتتىكى دەرسلىكلەرنىڭ سەۋىيىسى تېخى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. شۇ تەكلىپنى بېرىمىزكى، دىنىي دەرسلەر دەرسلىكى جەھەتتە چەتئەلنىڭ بىر قەدەر ياخشى نەرسىلىرىنى، مەسىلەن، مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ تەتقىق قىلىش، تەھلىل قىلىش ۋە ئۈلگە قىلىش. شۇنداقلا، جۇڭگونىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىگە، نۆۋەتتىكى جۇڭگو ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ دەرسلىك تۈزۈشنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. دەرسلىك تۈزۈش بىر چوڭ خىزمەت، يىراق كېلەچەكنى كۆزلەپ قىلىنىدىغان زور ئىش. جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە ئىگە بولدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى سىياسىي جەھەتتىن ۋە ئىختىساسلىق خادىملار جەھەتتىن بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش شارائىتىغا ئىگە. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىگە ئارىلىشىشىنى، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈشنى تەكلىپ قىلىمەن.

### 4. ئوقۇتۇش تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش

جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇشى سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى، ھەتتا دۇنيا ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ئاقىللار ئامبىرى، ئىدىيە ئامبىرى بولۇشى كېرەك. "ئىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ تەھسىل قىلىڭلار" دېگەن ھەدىس بار. شۇڭا بىزنىڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىمىزدا ھەقىقىي ئىلىم، زور ئىلىم بولۇشى كېرەك. يىراق كۆرمەي كەلگەن مېھمانلار ھەقىقىي بىر نەرسە ئۆگەنسۇن، كۆڭلىگە يەتسۇن، قۇرۇق قول قايتىپ كەتمىسۇن. ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئەستايىدىل كىتاب ئوقۇش، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈشنى، كۆپچىلىكنىڭ دىنىي كىتابلارنى، ئەقىدە -ئەھكاملارنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنىي كىتابلاردىن دەۋر تەرەققىياتىغا ئەڭ ئۇيغۇن كېلەلەيدىغان مەزمۇنلارنى قېزىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ۋەتىنىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيلىكى، مەنىۋى مەدەنىيلىكى، سىياسىي مەدەنىيلىكى ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئەمەلىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. شۇنداقلا يەنە، دۇنياغا نەزەر سېلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە چەتئەلدىكى ھازىرقى جەمئىيەت تەرەققىياتى يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى كۆز قاراش، يېڭى ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئىگىلەش كېرەك. ھازىر نۇرغۇن مۇھىم مەسىلىلەرنى ئىسلام دارىلفۇنۇنىمىزنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىدە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئىسلام مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىدا زور تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. ئەمما ھازىر دۇنيادا ناھايىتى يامان بىر خاھىش بار، ئۇلار ئەسەبىيلىك، تېررورلۇق

قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام دىنىغا باغلىۋالدى، ھەتتا بەزىلەر ”ئىسلامنى ئۆزگەرتىش“ كويىدا بولۇۋاتىدۇ. بۇ مۇدھىش دولقۇن ئىچىدە، ئىسلام مەدەنىيىتى قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى ياخشى يارىتىپ، دۇنيا تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك؟ جۇڭگو ئىسلام دىنى قانداق قىلىپ ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى مول، ئىناقلىق مەزمۇنىنى قېزىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، دۇنيادىكى ”مەدەنىيەت توقۇنۇشى“ مۇشكۇلاتى ئىچىدە، مەدەنىيەت ئايرىملىقى ۋە زومىگەرلىككە تاقابىل تۇرۇپ، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە كەڭ قورساقلىقنى كۈچەيتىپ، خاتىرجەمسىز بۇ دۇنياغا ئىناقلىق ئېلىپ كېلىشى كېرەك؟... جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن ئىبارەت بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدىكى ئۇستاز ۋە تالىپلارنىڭ چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئومۇمىيلىقنى چۈشىنىپ، ئۆز كەسپى بىلەن پۇختا شۇغۇللىنىپ، ئىستراتېگىيىلىك، يىراقنى كۆرەرلىك نەزەرىدە تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە مەسئۇل بولۇش، جۇڭگو ئىسلام دىنىغا مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرۈپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىنى ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

دارىلفۇنۇن قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ھازىرغا نەزەر سېلىپ كەلگۈسىنى ئويلاش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېڭى قەدەم بېسىش، ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى يەنە بىر قەدەم يۈكسەلدۈرۈشنىڭ بىر ياخشى پۇرسىتى. شۇنىڭغا ئىشىنىشكە ھەقلىقمىزكى، كەلگۈسىدىكى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا ئالىي دەرىجىلىك مەكتەپ بىناسى، ئالىي دەرىجىلىك ئۈسكۈنە - ئەسلىھەلەرلا بولۇپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئالىي دەرىجىلىك ئۇستاز، ئالىي دەرىجىلىك تالىپلار بولىدۇ. بۇ يەردىن ئالىي دەرىجىلىك دامولla، ئۆلىمالار يېتىشىپ چىقىدۇ. ئۇ چاغقا كەلگەندە ”ئىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ تەھسىل قىلىڭلار“ دېگەن ھەدىسنى تېخىمۇ جارىڭلىق ھالدا دۇنياغا قايتا جاكارلايمىز، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى چاقناپ تۇرىدىغان گۆھەر، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىپتىخارى ۋە شان - شەرىپى بولۇپ قالىدۇ. (ش)

---

(بېشى 4 - بەتتە)

جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تەرەققىياتى جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ كەلگۈسى قىياپىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلپىگە ئويغۇنلىشىش ئۈچۈن، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، سىياسىي جەھەتتىن ۋەتەننى سۆيىدىغان، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدىغان ھەم بىر قەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە ئىختىساسلىق ياش دىنىي خادىملارنى ئاكتىپ يېتىشتۈرۈپلا قالماستىن بەلكى ئۈزلۈكسىز تۈردە خەلقئاراغا ماسلىشىپ، تىرىشىپ شارائىت ھازىرلاپ، دەۋر تەلپىگە لايىق يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساسلىق ئىسلام دىنى خادىملىرىنى تېخىمۇ كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

ئىشىنىمىزكى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئىلگىرىكى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدىن تېخىمۇ مول تەجرىبە ۋە ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، 50 يىلدىن بۇيانقى نەتىجىلىرى ئاساسىدا ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشىنى ئارقا تىرەك قىلىپ، يەنىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، داۋاملىق تۈردە ئىسلام ئېتىقادىنىڭ توپ روھى ئارقىلىق تالىپلارنى يېتەكلەيدۇ. يۇقىرى سۈپەتلىك ئوقۇتۇش ئارقىلىق تالىپلارغا تەلىم بېرىدۇ، ياخشى مەكتەپ ئىستىلى ئارقىلىق تالىپلارنى يېتىشتۈرىدۇ. ئۈزلۈكسىز تۈردە ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئىختىساسلىق مۇسۇلمان خادىملارنى تەربىيىلەش ئەندىزىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسىپ تەربىيىسى ۋە ئەخلاق پەزىلەت تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، تالىپلارنى ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئېغىر ۋەزىپىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىختىساسلىق ئىسلامىي خادىملاردىن قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

تەبرىكلەش يىغىنىدا كونا مەكتەپداشلار ۋەكىلى ۋە ھازىر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان تالىپلار ۋەكىلىمۇ سۆز قىلدى. يىغىندىن كېيىن، كونا مەكتەپداشلار جەم بولۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى، مەكتەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئوقۇپ پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلارمۇ ھازىر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان تالىپلار بىلەن سۆھبەت ئۇيۇشتۇردى ۋە مەكتەپ خىزمىتى توغرىسىدا نۇرغۇن تەلەپ - پىكىرلەرنى بەردى. بولۇپمۇ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن يەرلىك ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرى مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنىدا ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى، مەكتەپ باشقۇرۇش، تەربىيىلەش نىشانى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى، يۇقىرى قاتلاملىق ئىسلام دىنى خادىملىرىنى تەربىيىلەش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە نۇرغۇن پىكىر - تەكلىپلەرنى بەردى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ سۆھبەتكە قاتنىشىپ يۇقىرىقى مەسىلىلەر ھەققىدە بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىشتى ۋە ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرى ھەققىدە ئىجابىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. (ش)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان*

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئۆتكەنكى سانىدىكى ماقالىمىزدا «سىھاھىسسىتتە» دەپ ئاتالغان ئەڭ نوپۇزلۇق ئالتە ھەدىس كىتابىنىڭ بىرىنچىسى «سەھىھۇلبۇخارى» ئۈستىدە توختالغان ئىدۇق. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئىككىنچىسىدىن ئالتىنچىسىگىچە بولغان بەش كىتاب ئۈستىدە توختىلىمىز.

## «سەھىھۇلمۇسلىم»

«سەھىھۇلمۇسلىم» كىتابى يەنە «جامىئۇسسەھىھ»، «المسند الصحيح» (مۇسنەد سەھىھ) دېگەن ناملىرى بىلەنمۇ مەشھۇردۇر. «سەھىھۇلبۇخارى» بىلەن «سەھىھۇلمۇسلىم» قوشۇلۇپ ئىككىسى «سەھىيھان»ۋە «سەھىيھەين» (سەھىھان ۋە سەھىھەين) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

«سەھىھۇلمۇسلىم» ھەدىسلەرنىڭ دۇرۇسلۇقىدا «سەھىھۇلبۇخارى»دىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. «سەھىھۇلمۇسلىم»نىڭ ھەدىسلىرى تەكرارلىرى قوشۇلۇپ 7275 ھەدىس، تەكرار ئەمەسلىرى 4000 ھەدىستۇر. يۇقىرى ئىسنادلىق ھەدىسلىرى 80 چە بولۇپ، ئۇلار تۆت ۋاستە ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا ئۇلىنىدۇ. ئىمام مۇسلىمنىڭ كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىنىڭ بايانىغا كۆرە، ئۇ ھەدىس ئۈستىدە توختىلىپ ھەدىسلەرنى ئۈچ قىسىمغا بۆلگەن:

بىرىنچى، ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك، تۇجۇپىلىگۈچىمۇھەددىسلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر.

ئىككىنچى، ئوتتۇرھال سەۋىيىلىك مۇھەددىسلەر رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر.

ئۈچىنچى، زەئىپ ھەدىسلەر.

ئىمام مۇسلىم يۇقىرىدىكى بىرىنچى، ئىككىنچى خىلدىكى ھەدىسلەرنى كىتابىغا تاللاپ ئالغان. ئۈچىنچى خىلدىكى ھەدىسلەرنى ئالمىغان. ئىمام مۇسلىم ھەدىسلەرنى فىقھە بابلىرى بويىچە رەتلىگەن. ھەدىس توپلاملىرى ئىچىدە «سەھىھۇلمۇسلىم» تەرتىپ ئېتىبارى بىلەن ئەڭ گۈزەل توپلام ھېسابلىنىدۇ. ئىمام مۇسلىمنىڭ «سەھىھۇلمۇسلىم»نى تۈزۈشكە مۇنداق ئىككى سەۋەب تۈرتكىلىك رول ئوينىغان: بىرىنچى سەۋەب، فىقھى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى بايان قىلىدىغان سەھىھ ھەدىسلەرنى توپلاپ ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى كۆزدە تۇتقان. ئىككىنچى سەۋەب، ئەينى دەۋرلەردە مەدداھلار ئەپسانە، ھېكايىلەرنى سۆزلەپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ دىققىتىنى ھەدىس تەرەپكە بۇراپ، ئۇلارغا ھىدايەت يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى كۆزدە تۇتقان. گەرچە «سەھىھۇلبۇخارى» بىلەن «سەھىھۇلمۇسلىم» ئىككىلىسى سەھىھ ھەدىسلەردىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ.

*بېشى ئۆتكەنكى سانلاردا

لېكىن «سەھىھۇلبۇخارى» ھەدىسلەرنىڭ سەھىھلىكىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدە «سەھىھۇلمۇسلىم»نىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرىنچىدىن، ھەدىسشۇناسلار مۇشۇنداق قارىغان. مۇھەددىس ئىبن ھاجەر ئەبۇ ئابدۇرەھمان نەسەئىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: "پۈتۈن كىتابلار ئىچىدە ئىمام بۇخارىنىڭ كىتابىدىن دۇرۇسراق كىتاب يوق". دارىقۇتنىنىڭ ھۇزۇرىدا «سەھىھۇلبۇخارى» بىلەن «سەھىھۇلمۇسلىم» تىلغا ئېلىنغان چاغدا، ئۇ: "«سەھىھۇلبۇخارى» بولمىغان بولسا «سەھىھۇلمۇسلىم»مۇ مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى" دېگەن. ھەدىسشۇناسلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇشۇنداق باھالىرى كۆپ ئۇچرايدۇ، مۇھەددىسلەرنىڭ ھەممىسى ھەدىسشۇناسلىقتا مۇسلىمدىن بۇخارىنىڭ ئارتۇق ئىكەنلىكىدە ئورتاق پىكىردىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمام بۇخارى ئىمام مۇسلىمنىڭ ئۇستازىدۇر. ئىمام بۇخارىنىڭ ھەدىسشۇناسلىق سەۋىيىسىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىگە ئىمام مۇسلىممۇ قايىل بولاتتى. ئىككىنچىدىن، ھەدىسنىڭ سەھىھ بولۇشىنىڭ ھالقىلىق نۇقتىسى ئىسنادلارنىڭ ئۇلىنىشى، راۋىلارنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى. ھەدىسلەرنىڭ ساغلاملىق ئۆلچىمىگە توشقان بولۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە تاقىلىدۇ، بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلارنىڭ ھەممىسى «سەھىھۇلبۇخارى»دا تېپىلىدۇ. مەسىلەن، ئىسنادلارنىڭ ئۇلىنىشىدا "پالانى پالانىدىن رىۋايەت قىلدى" دېگەندە ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغۇچى بىلەن رىۋايەت قىلىنغۇچىنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا بىر قېتىم بولسىمۇ ئۇچراشقان بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ، ئىمام مۇسلىم بولسا رىۋايەت قىلغۇچى بىلەن رىۋايەت قىلىنغۇچىنىڭ ئۇچرىشىشىنى ئەمەس، پەقەت زاماندىش بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم ئۆزلىرىنىڭ ھەدىس كىتابلىرىدا سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشنى مەقسەت قىلمىغان . ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: "مەن كىتابىمغا پەقەت سەھىھ ھەدىسلەرنىلا كىرگۈزدۈم، ئۇزۇن بولۇپ كەتمىسۇن دەپ سەھىھ ھەدىسلەردىن يەنە كىتابىمغا كىرگۈزمىگەنلىرىممۇ بار". ئۇ يەنە: "مەن يۈزمىڭ سەھىھ ھەدىسنى ۋە ئىككى يۈز مىڭ غەيرىي سەھىھ ھەدىسنى يادا بىلىمەن" دەيدۇ. ئىمام مۇسلىم مۇنداق دېگەن: "بۇ يەردە مەن سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىنى جەملىگىنىم يوق، پەقەت بۇ يەردە ئورتاقلىقتا ئىگە بىر قىسىم ھەدىسلەرنى جەملىدىم". بەزىلەر ئىمام مۇسلىمغا: "بىدئەتچىلەرگە قارشى بىرەر ھەدىسنى پاكىت قىلىپ كەلتۈرسەك، ئۇلارنىڭ: 'بۇ ھەدىس سەھىھ مۇسلىمدا يوق' دېيىشىگە سەن يول ئېچىپ بەردىڭ" دېگەندە، ئىمام مۇسلىم جاۋابەن:"مەن بۇ كىتابنى سەھىھ ھەدىسلەردىن تۈزدۈم دېدىم. بۇ كىتابىمغا كىرگۈزمىگەن ھەدىسلەرنى 'سەھىھ ئەمەس'دېگىنىم يوق" دېگەن. «سەھىھۇلبۇخارى» ۋە «سەھىھۇلمۇسلىم»دا تىلغا ئېلىنمىغان راۋىلارنى ئىشەنچلىك ئەمەس دېيىشكە بولمايدۇ. بۇ ئىككى كىتاب سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمىگەندەك، ئىشەنچلىك راۋىلارنىڭمۇ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمىگەن. ئىشەنچلىك راۋىلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى30 مىڭدىن ئاشىدۇ. ئىمام بۇخارىنىڭ تارىخىدىمۇ 40 مىڭچە ئىشەنچلىك راۋى تىلغا ئېلىنىدۇ . ئىمام بۇخارىنىڭ «ضعفاء» (زۇئەفا) دېگەن كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان ئىشەنچلىك بولمىغان راۋىلار 700 گە يەتمەيدۇ. «سەھىھۇلبۇخارى»دا تىلغا ئېلىنغان راۋىلار 2000 غا يەتمەيدۇ. ھەدىسشۇناس شەيخ مۇھەممەد زاھىد كەۋسەرى ھازىمىنىڭ كىتابىغا يازغان ئىلاۋىسىدە مۇنداق دەيدۇ: "كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغىنى شۇكى، ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم ئۆز كىتابلىرىدا ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھەدىسلىرىدىن بىرەر نەرسە رىۋايەت قىلمايدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئىككىسى ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتلىرىنىڭمۇ شاگىرتلىرىدىن ھەدىس ئۆگەنگەنىدى. ئۇلار ئىمام شافىئىنىڭ بەزى شاگىرتلىرىغا مۇلاقات بولغان تۇرۇقلۇق، ئىمام شافىئىدىنمۇ ھەدىس رىۋايەت قىلمىغان. ئىمام بۇخارى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلگە مۇلاقات بولغان ۋە ئۇنىڭ سۆھبىتىنى تاپقان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدىن پەقەت ئىككى ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئىمام مۇسلىم ئىمام بۇخارىنى ئۇستاز تۇتقان ۋە ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭغان تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە رىۋايەت قىلمىغان. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىنمۇ پەقەت ئوتتۇزچە ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلمۇ «مۇسنەد» كىتابىدا ئىمام مالىكتىن پەقەت تۆت ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەھمەد ئىبنى

هەنبەلنىڭ ئىمام شافىئىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى 20 گە يەتمەيدۇ. ھالبۇكى ئىمام ئەھمەد ئىبن ھەنبەل ئىمام شافىئىنىڭ سۆھبىتىنى تاپقان، شۇنداقلا ئىمام مالىكنىڭ «مۇۋەتتا» كىتابىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن بىۋاستە ئۆگەنگەن". ھەدىسشۇناس شەيخ مۇھەممەد زاھىد كەۋسەرى يەنە مۇنداق دەيدۇ: "يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەدىسى ئېلىنغان ياكى ئاز ئېلىنغان ئىماملار مەشھۇر زاتلار بولغانلىقتىن، ئۇلاردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى كىشىلەر ئاللىبۇرۇن ئوبدان ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇلماي يوقىلىپ كېتىش خەۋپى بولمىغانلىقتىن، ھەدىس توپلاملىرىنى تۈزگۈچىلەر ئۇلارنىڭ ھەدىسلىرىنى خاتىرىلىمەي، دىققەتنى پەقەت زايە بولۇپ كېتىش خەۋپى بار ھەدىسلەرگە قاراتقان".

ئىمام مۇسلىم ھەدىسشۇناسلارنىڭ بۈيۈكلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ فامىلىسى بىلەن قوشۇلۇپ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ھۇسەيىن مۇسلىم ئىبن ھەججاج قۇشەيرى بولۇپ، ئۇ ھىجرىيە 204 - يىلى نىشاپۇردا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىنلا ھەدىس ئۆگىنىشكە بېرىلىپ، ئىراق، ھىجاز، شام، مىسىر قاتارلىق نۇرغۇن جايلارغا سەپەر قىلغان. ئەھمەد ئىبن ھەنبەل، يەھيا ئىبن يەھيا نىشاپۇرى، ئىسھاق ئىبن راھەۋەي، ئابدۇللا ئىبن مەسلەمە قاتارلىق ھەدىس ئىماملىرىدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئىمام بۇخارى نىشاپۇر شەھىرىگە كەلگەندە ئىمام مۇسلىم ئۇنىڭدىن ھەدىس تەھسىل قىلغان. لېكىن «سەھىھۇلمۇسلىم» كىتابىدا ئۇنىڭ بۇخارىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى يوق. ئىمام مۇسلىم ھەدىسشۇناسلىقتا ئىمام بۇخارىنىڭ ئىزىدىن ماڭغان. ئۇنىڭ ئىمام بۇخارىغا زىيادە ھۆرمىتى ۋە ئىخلاسى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ بۇخارىنى دەپ ئۇستازى مۇھەممەد يەھيا زوھلىنى تەرك ئەتكەن. زوھلى بىر كۈنى مۇسلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سورۇنداشلىرىغا: "كىمكى قۇرئان توغرىسىدا بۇخارىنىڭ قارىشىنى ياقلايدىكەن، ئۇ سورۇنىمىزغا يولىمىسۇن" دېگەن. ئىمام مۇسلىم دەرھال سورۇندىن ئايرىلىپ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ زوھلىدىن ئالغان ھەدىسلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر ھامماللىغا يۈدۈگۈزۈپ ئاپىرىپ زوھلىغا قايتۇرۇپ بەرگەن.

مۇسلىم بىلەن زامانداش مۇھەددىسلەرنىڭ نۇرغۇنى ئۇنىڭدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئەبۇ ھاتەم رازى، مۇسا ئىبن ھارۇن، ئەھمەد ئىبن سەلەمە، ئەبۇ بەكرى ئىبن ترمىزىلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەھلى ھەدىستىن نۇرغۇن ئالىملار «سەھىھۇلمۇسلىم» كىتابىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. ئەھمەد ئىبن سەلەمە مۇنداق دەيدۇ: "ئەبۇزەرئە، ئەبۇ ھاتەملەردىن ئاڭلىدىمكى، ئۇلار سەھىھ ھەدىسنى چەككىلەشتە ئىمام مۇسلىمنى ئۇلارنىڭ زامانداشلىرىدىن ئۈستۈن دەپ قارايتتى". ئىسھاق ئىبن مەنسۇر ئىمام مۇسلىمغا: "سېنى ئاللاھ ھايات قىلىدىغانلا بولسا، مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق يېتىپ تۇرىدۇ" دەيتتى. ئىمام مۇسلىم «سەھىھۇلمۇسلىم»نى تۈزۈشكە 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان، ئۇ «سەھىھۇلمۇسلىم» كىتابىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان. ئۇلار «المسند الكبير على اسماء الرجال» (مۇسنەد كەبىر)، «كتاب الجامع الكبير على الأبواب» (كىتاب جامئى كەبىر)، «كتاب العلل» (كىتاب ئىلەل)، «كتاب او هام المحدثين» (ئەۋھام مۇھەددىسىن)، «كتاب التمييز» (كىتاب تەمىيز)، «كتاب طبقات التابعين» (تەبەقات تابىئىن)، «كتاب المخضرمين» (مۇخەزرەمىن) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«سەھىھۇلمۇسلىم» ئۆلىمالارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بەزىلەر ئۇنىڭغا شەرھلەرنى يازغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىمام نەۋەۋى تەرىپىدىن يېزىلغان «المنهاج في شرح صحيح مسلم بن الحجاج» (ئەلمىنھاج) ناملىق شەرھى ئەڭ ياخشى شەرھى ھېسابلىنىدۇ. ئەينى دەۋردە ئىستانبۇل فاتىھ جامئەسى مۇدەررىسى مۇھەممەد شەرىف تەرىپىدىن «مفتاح صحيح مسلم» (سەھىھۇلمۇسلىمنىڭ ئاچقۇچى) ناملىق ئەسەر يېزىلىپ، ئۇنىڭدا ھەدىسلەرنى باش ھەرپىگە قاراپ تېپىش ئوڭايلاشتۇرۇلغان. ئىمام مۇسلىم ھىجرىيە 261 - يىلى 57 يېشىدا نىشاپۇردا ۋاپات بولۇپ، نەسرى ئابادا دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان.

## «سۇنەن ئەبۇ داۋۇد»

تۆۋەندە نوپۇزلۇق ئالتە ھەدىس كىتابىنىڭ ئۈچىنچىسى بولغان «سۇنەن ئەبۇ داۋۇد» ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇ كىتابتا فىقھى مەسىلىلەرگە ئائىت ئەھكام ھەدىسلەر جەملەنگەن بولۇپ، 4800 ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇئەللىپ بۇ ھەدىسلەرنى 500 مىڭ ھەدىس ئارىسىدىن تاللاپ چىققان. فىقھشۇناسلار

هەدىسلەرنى ئىستىدلال قىلىشتا كۆپىنچە «سۈنەن ئەبۇ داۋۇد» هەدىسلىرىگە ئاساسلانغان. ئالىم ئىبن ئەئرابى: "قولىدا «قۇرئان كەرىم» بىلەن «سۈنەن ئەبۇ داۋۇد» بولغان ئادەم باشقا كىتابلارغا هاجىتى چۈشمەيدۇ" دېگەن. بۇ كىتاب فىقھى ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئورتاق قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. ئەبۇ داۋۇد سۈنەن كىتابىنى رەتلەپ چىققاندىن كېيىن كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئىمام ئەھمەد ئىبن ھەنبەلگە سۇنغاندا، ئىمام ئەھمەد ئۇنى يۇقىرى باھالىغان.

ئەبۇ داۋۇد بىلەن تىرمىزى مۇجتەھىدلىك دەرىجىسىگە يەتكەن ئىماملار ئىدى. لېكىن ئۇلار كۆرۈنۈشتە بىرى ھەنبەلى مەزھىپىگە، يەنە بىرى ئىسھاق ئىبن راھۋەي مەزھىپىگە مەنسۇپ ئىدى. ئەبۇ داۋۇدنىڭ سۈنەن كىتابىغا ئالىملار تەرىپىدىن شەرھىلەر يېزىلغان. ھىجرىيە 328-يىلى ۋاپات بولغان ئىمام ئەبۇ سۇلەيمان خەتتابى تەرىپىدىن «معالم السنن» (مەئالىمۇسسۇنەن) نامىلىق ئىككى جىلدلىق شەرھى يېزىلغان. ھىجرىيە 652-يىلى ۋاپات بولغان يەمەنلىك ئالىم قۇتبىدىن ئەبۇ بەكرى تۆت جىلدلىق شەرھى يازغان. مۇھەممەد ئەشرەفۇ سىددىقى دېگەن كىشى «عون المعبود على سنن أبى داود» (ئەۋنۇلمەبۇد ئەلا سۈنەن ئەبۇ داۋۇد) نامىلىق شەرھىنى يازغان. ھىجرىيە 848-يىلى ۋاپات بولغان شاھابىددىن رەملىمۇ ئۇنىڭغا شەرھى يازغان. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋاپات بولغان ئەلى دەملاتى نامىلىق ئالىم تەرىپىدىنمۇ «درجات مرقات الصعود» (دەرەجات مىرقات سەئۇد) نامىلىق شەرھى يېزىلغان. ھىجرىيە 656-يىلى ۋاپات بولغان مۇھەددىس ئابدۇلئەزىم تەرىپىدىن «سۈنەن ئەبۇ داۋۇد»نىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىسى ئىشلەنگەن.

مەشھۇر ھەدىسشۇناسلاردىن بولغان ئەبۇ داۋۇد سۇلەيمان ئىبن ئەشئەس ئىبن ئىسھاق ئەسئەدى سىجىستانى ھىجرىيە 202-يىلى بەسرە شەھرىدە تۇغۇلغان. ھەدىس تەھسىل قىلىش يولىدا ئىراق، شام، مىسىر ۋە خوراسان قاتارلىق جايلارنى ئايلانغان. ئەھمەد ئىبن ھەنبەل، يەھيا ئىبن مەئىن، ئابدۇللا ئىبن مۇسلىمە، ئوسمان ئىبن ئەبۇ شەيبە، قۇتەيبە ئىبن ئەبۇ سەئىد قاتارلىق ھەدىس ئىماملىرىدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئىمام ئەبۇ داۋۇدتىن ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇ بەكرى ئابدۇللا(ئىزاھات: بۇ زات ھەم مەشھۇر مۇھەددىسلەردىن بولۇپ، «مصابيح» (مەسابىھ) نامىلىق كىتابنى يازغان)، ئىمام نەسەئى، ئەبۇ ئەلى لولوئى ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەر ھەدىس ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ئىلمى ھەدىستىكى بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە پىكرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە ئۆلىمالار مەدھىيىلەر ئوقۇغان. ھاكىم ئەبۇ ئابدۇللا مۇنداق دېگەن: "ئەبۇ داۋۇد ئۆز زامانىسىدىكى ئەھلى ھەدىسلەرنىڭ پېشۋاسى ئىدى". ئەبۇ داۋۇد تولىمۇ تەقۋادار زات بولۇپ، ھەق يولىدا قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ئۆز زامانىسىنىڭ ئەمىرى بولغان ئەبۇ ئەھمەد: "ئەمىرنىڭ بالىسى ئاۋام پۇقرا بالىسى بىلەن بىللە ئۆگەنسە بولمايدۇ. سەن مەخسۇس مېنىڭ باللىرىمغا ئىلىم ئۆگەتكىن" دېگەن تەكلىپنى بەرگەندە، ئەبۇ داۋۇد:"مۇنداق قىلالمايمەن. ئىلىم ئۆگىتىش ئىشىدا ھۆكۈمران بىلەن پۇقرا پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ" دېگەن. ئىمام ئەبۇ داۋۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "مەن سۈنەندە 4800 ھەدىسنى بەردىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىشىلەر ئۈچۈن مۇنۇ تۆت ھەدىس يېتەرلىكتۇر، بىرىنچىسى، «إنما الأعمال بالنيات» (ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق)، ئىككىنچىسى، «من حسن إسلام المرء تركه مالا يعنيه» (بىھۇدە ئىشلارنى تەرك ئېتىش كىشىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنىڭ بەلەنلىكىدۇر)، ئۈچىنچىسى، «لا يكون المؤمن مؤمنا حتى يرضى لأخيه ما يرضى لنفسه» (مۆمىن ئادەم ئۆزىگە نېمىنى راۋا كۆرسە ئۆزىنىڭ بۇرادىرىگە شۇنى راۋا كۆرمىگىچە مۇسۇلمانى كامىل بولمايدۇ)، تۆتىنچىسى، «ان الحلال بين و ان الحرام بين الخ...» (شۈبھىسىزكى، ھالالمۇ ئېنىق، ھارامىمۇ ئېنىقتۇر...)" ئىمام ئەبۇ داۋۇد «سۈنەن»دىن باشقا يەنە نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان. ھىجرىيە 275-يىلى بەسرىدە ۋاپات بولغان.

## «ئەلمۇجتەبا»

داڭدار ئالتە ھەدىس كىتابىنىڭ تۆتىنچىسى ئىمام نەسەئى تەرىپىدىن يېزىلغان «مۇجتەبا» كىتابىدۇر. ئىمام نەسەئى دەسلەپتە «السنن كبرى» (سۈنەن كۇبرا) نامىلىق بىر ھەدىس كىتابى يازغان بولۇپ، كېيىن بۇنى تەھرىرلەپ ۋە قىسقارتىپ «مۇجتەبا» كىتابىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. «مۇجتەبا» كىتابى «السنن الصغرى»(سۈنەن سۇغرا) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى

www.uyghurkitap.com

كىتابىنىڭ ئىككىلىسى«سۈنەن نەسەئى» دەپ ئاتالسىمۇ. ئالتە پارچە ھەدىس كىتابى جۈملىسىدىن سانالغىنى پەقەت «مۇجتەبا» كىتابىدۇر. ئىمام نەسەئى «سۈنەن كۇبرا» كىتابىنى يېزىپ، رەملەنىڭ ئەمىرىگە تەقدىم قىلغاندا، ئەمىر: ‘‘بۇنىڭدىكى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى سەھىھ ھەدىسلەرمۇ؟‘‘ دەپ سورىغان. ئىمام نەسەئى: ‘‘ياق‘‘ دەپ جاۋاب بەرگەندە، ئەمىر: ‘‘بۇنىڭ ئارىسىدىن سەھىھلىرىنى ئايرىپ چىقساڭ‘‘ دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىمام نەسەئى «مۇجتەبا» كىتابىنى يېزىپ چىققان. «مۇجتەبا» كىتابىدا زەئىپ ھەدىس ئەڭ ئاز تېپىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى«سۈنەن تىرمىزى»دىنلا ئەمەس «سۈنەن ئەبۇ داۋۇد»تىنمۇ ئۈستۈن سانايدۇ. بەزىلەر ئىمام نەسەئىنىڭ بۇ كىتابىنى ھەدىس ساھەسىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ. ئىمام نەسەئىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنى قاتتىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزىدۇ. بەزىلەر ئىمام نەسەئىنىڭ ئىگىلىگەن ھەدىسلىرىنى ئىمام مۇسلىمنىڭ ئىگىلىگەن ھەدىسلىرىدىنمۇ كۆپ دەپ قارايدۇ. ئىمام نەسەئى بۇ كىتابىدا ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەدىن بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ كىتاب ئىسمىنى بەزىلەر ئاخىرقى ھەرپىنى «ن»غا ئالماشتۇرۇپ، «مۇجتەنا» دەپ يازىدۇ. «سۈنەن نەسەئى»گە ئىمام سۇيۇتى تەرىپىدىن «زهر الربى»(زەھرۇررۇبا) ناملىق شەرھى يېزىلغان. ئەلى دىمناتى تەرىپىدىن «عرف زهر الربى» (ئەرفۇ زەھرۇررۇبا) ناملىق شەرھى يېزىلغان. ئەبۇ ھەسەن سىندى تەرىپىدىنمۇ يەنە بىر شەرھى يېزىلغان.

ئەبۇ ئابدۇرەھمان ئەھمەد ئىبنى ئەلى نەسەئى مەشھۇر مۇھەددىسلەردىن بولۇپ، ھىجرىيە 215-يىلى خۇراسانىنىڭ نساء(نەسائ) شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ نوپۇزلۇق ھەدىسشۇناس ۋە ئۆز زامانىدىكى ئۆلىمالارنىڭ پېشۋاسى ئىدى. ئۇ خۇراسان، ھىجاز، شام، مىسىر قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ ئىسھاق ئىبنى راھەۋەي، يۇنۇس ئىبنى ئابدۇلئەلا، ئەبۇ داۋۇد سىجىستانى، سۇلەيمان ئىبنى ئەشئەس قاتارلىق ھەدىسشۇناسلاردىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئىمام نەسەئىدىن ئەبۇلقاسىم تەبەرانى، ئەبۇ جەئفەر تەھاۋى، مۇھەممەد ئىبنى ھارۇن ئىبنى شۇئەيب قاتارلىق مۆتىۋەر زاتلار ھەدىس ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ھىپزى قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇنى ئىمام مۇسلىمدىنمۇ ئۈستۈن دەپ قارايدىغانلار بار. ھەدىسلەرنى چەككىلەش جەھەتتە ئىمام نەسەئىنىڭ سۆزى مۆتىۋەر ھېسابلىنىدۇ. ئىمام نەسەئى شافىئى مەزھىپىدە بولۇپ، بۇ مەزھەپ ئاساسىدا «مناسك الحج»(مەناسكۇلھەج) ناملىق كىتابنى يازغان. ئۇ 15 يېشىدىلا بەلخلىق قۇتەيبە ئىبنى سەئىدنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئۇ يەردىن مىسىرغا كېلىپ مىسىردا ئۇزۇن تۇرغان. ئۇ يەردە كىشىلەرگە دەرس ئۆگەتكەن. ئەسەرلىرى مىسىردا تارالغان. ھىجرىيە 302-يىلى دەمەشققە كېلىپ ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئەۋلادىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا «الخصائص»(خەسائىس) ناملىق كىتابنى يازغان. ھىجرىيە 303-يىلى مۇئاۋىيە تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئىمام نەسەئى قانائەتچان، تەقۋادار زات بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى كۈن ئاتلاپ روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزگەن. بىر رىۋايەتتە ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ خىش-ئەقرىبالىرى ئۇنى مەككىگە ئېلىپ بېرىپ سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا دەپنە قىلغان دېيىلىدۇ. ۋاپات قىلغان چاغدا ئۇنىڭ يېشى 89 دا ئىدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا«مسند على» (مۇسنەدى ئەلى)، «مسند مالك»(مۇسنەدى مالىك)، «الكنى»(ئال كىنا)، «عمل الليل و النهار»(كېچە-كۈندۈز ئەمەللىرى)، «أسماء الرواة»(راۋىلارنىڭ ئىسىملىرى)، «مسند منصور ابن زازان»(مۇسنەد مەنسۇر ئىبنى زازان) قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان.

## «جامئ تىرمىزى»

نامدار ئالتە پارچە ھەدىس كىتابىنىڭ بەشىنچىسى ئىمام تىرمىزى يازغان «سۈنەن تىرمىزى» كىتابىدۇر. بۇ «جامع الترمذى»(جامئ تىرمىزى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كىتابنى ئىمام تىرمىزى فىقھى بابلىرى بويىچە رەتلىگەن. بۇنىڭغا صحيح (سەھىھ)، حسن (ھەسەن)، ضعيف (زەئىپ) ھەدىسلەرنى كىرگۈزگەن بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆز جايىدا كۆرسىتىپ ماڭغان. شۇنداقلا ھەدىسنىڭ زەئىپ بولۇشىدىكى سەۋەبلىرىنىمۇ بايان قىلغان. شۇنىڭدەك ساھابىلەرنىڭ، تابىئىنلارنىڭ، جايلاردىكى فىقھشۇناسلارنىڭ مەزھەپلىرى ئۈستىدىمۇ توختالغان.

كىتابنىڭ ئاخىرىدا بىر باب ئاجراتقان بولۇپ، بۇنىڭدا ئورغۇنلىغان مۇھىم پايدىلىق مەزمۇنلار قىستۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتاب يېگانە ئەسەر بولۇپ تونۇلغان. ئۇنىڭدا فىقھىغا ۋە ھەدىسكە ئائىت كۆپلىگەن پايدىلىق مەزمۇنلار بېرىلگەن. ئىمام تىرمىزى سۇنەن كىتابىنى تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن ھىجاز، ئىراق، خۇراسان ئالىملىرىنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇنغان. ئۇلار كىتابنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشقان. كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى گۈزەل بولۇپ، تەكرار ھەدىسلەر ئاز كۆرۈلىدۇ. بەزى ئۆلىمالار «سۇنەن تىرمىزى» توغرىسىدا:"مۇجتەھىد ئۈچۈنمۇ، مۇقەللىد ئۈچۈنمۇ يارامىلىق كىتاب. «سۇنەن تىرمىزى» بار ئۆيدە گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھازىر بولۇپ سۆزلەپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ"دېيىشكەن. «سۇنەن تىرمىزى»غا نۇرغۇن ئالىملار شەرھى يازغان. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ھىجرىيە 546-يىلى ۋاپات بولغان ئەبۇ بەكرى ئىبن ئەرەبى يازغان شەرھى بولۇپ، 13 جىلدلىق، ئۇنى «عارضة الاحوزى فى شرح الترمذى» (ئارىزە ئەھۋەزى فى شەرھى تىرمىزى)دەپ ئاتىغان. ئىككىنچىسى، ھەدىسشۇناس ئەبۇلفەتھى مۇھەممەد يەئمۇرى (ھىجرىيە 734-يىلى ۋاپات بولغان) بولۇپ، ئۇ كىتابنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا ئون جىلدلىق شەرھى يېزىپ ئۇنى تاماملىيالمىغان. ئۇنىڭ بۇ شەرھىسىنى ھىجرىيە 806-يىلى ۋاپات بولغان زەيىنىددىن ئىبن ئابدۇرەھىم ئىراقى تولۇقلاپ تاماملىغان. ھىجرىيە 805-يىلى ۋاپات بولغان سىراجىددىن ئۆمەر بەلقىنى بىر شەرھ يازغان بولۇپ، «العرف الشزى على جامع الترمذى»(ئەرفۇشەزى) دەپ ئاتىغان. بىراق ئۇنى تاماملىيالمىغان. ئۈچىنچىسى، جالالىدىن سۇيۇتى يازغان شەرھى بولۇپ، «قوت المفتزى على جامع الترمذى»(قۇتۇلمۇفتەزى) دەپ ئاتىغان. ئۇلاردىن باشقا ھىجرىيە 795-يىلى ۋاپات بولغان زەيىنىددىن ئىبن ئابدۇرەھمان، ھىجرىيە 1139-يىلى ۋاپات بولغان شەيخ ئەبۇ ھەسەن ئابدۇلھادىلارمۇ «سۇنەن تىرمىزى»غا شەرھلەر يازغان. ئىمام تىرمىزىنىڭ فامىلىسى ئەبۇ ئىسا بولۇپ، ئىسمى مۇھەممەد ئىبن ئىسا زەھھاكە سۇلەمى ئىدى. ئۇ مەشھۇر ھەدىسشۇناسلاردىن بولۇپ، ھىجرىيە 209-يىلى تىرمىز شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئىمام تىرمىزى قۇتەيبە ئىبن سەئىد، ئىسھاق ئىبن مۇسا، مەھمۇد ئىبن غىلان، سەئىد ئىبن ئابدۇرەھمان، مۇھەممەد ئىبن بەششار، ئەلى ئىبن ھەجەر، ئەھمەد ئىبن مەنىئ، مۇھەممەد ئىبن مۇسەننا، سۇفيان ئىبن ۋەكىئ ۋە ئىمام بۇخارىلاردىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئۇ ھەدىس ئۆگىنىش يۈزىسىدىن خۇراسان، ئىراق، ھىجازلارغا بارغان. ئۇنىڭدىن مۇھەممەد ئىبن ئەھمەد، ئەبۇ ھامىد مەرۋزى، ھەيسەم ئىبن كۇلەيب شاشى، مۇھەممەد ئىبن مۇنزىر قاتارلىق ئۆلىمالار ھەدىس ئۆگەنگەن. ئىمام تىرمىزى بۇرۇن ئىمام بۇخارى بىلەن ساۋاقداش بولۇپ بىللە ھەدىس تەھسىل قىلغان بولسىمۇ، كېيىن ئىمام بۇخارىدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. شۇنداق بولسىمۇ ئىمام بۇخارى تىرمىزىغا:"سېنىڭ مەندىن ئۆگەنگىنىڭگە قارىغاندا، مېنىڭ سەندىن ئۆگەنگىنىم كۆپرەك" دەيتتى. ئىمام تىرمىزى ئىمام ئەھمەد ئىبن ھەنبەل بىلەن ئىسھاق ئىبن راھۋەي مەزھەپلىرىگە نىسبەت بېرىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ مەزھىپىگە ئەگەشمەي، ئۆز ئالدىغا مۇجتەھىد ئىدى. ئىمام تىرمىزىنىڭ يازغان ئەسەرلىرى «العلل»(ئىلەل)، «تواريخ»(تارىخ)، «الزهد»(ئەززۇھد)، «شمائل»(شامائىل)، «الاسماء والكنى»(ئەلئەسمائۇ ۋەلكۇنا) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئىمام تىرمىزى ھېپزى قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئاخىرقى ئۆمرىدە كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ ھىجرىيە 279-يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 13-كۈنىدە ۋاپات بولغان.

### «سۇنەن ئىبن ماجە»

نوپۇزلۇق، مەشھۇر ئالتە كىتابنىڭ ئالتىنچىسى كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ پىكرىگە كۆرە«سۇنەن ئىبن ماجە»دۇر. ئۇنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ سانى 4000 بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۈچ ۋاستە بىلەن ئۇلىنىدىغان ئۈچ ھەدىس بار. «سۇنەن ئىبن ماجە»نى بىرىنچى بولۇپ مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرى قاتارىدا ئالتىنچى كىتاب قىلىپ سانىغان زات ھەدىسشۇناس فەزىل ئىبن تاھىر مەقدەسىدۇر. ھەدىسشۇناس مەجدۇددىن ئىبن ئەسىر: "«سۇنەن ئىبن ماجە» فىقھى جەھەتتىن پايدىلىق بىر ئەسەر

www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى ھەدىسلەرنىڭ ساپلىق دەرىجىسى ئالدىنقى بەش كىتابقا يەتمەيدۇ" دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىمام مالىكنىڭ «مۇۋەتتا» كىتابىنى قويىدۇ. «سۇنەن ئىبن ماجە» «سۇنەن ئەبۇ داۋۇد»، «سۇنەن نەسەئى»، «سۇنەن تىرمىزى» غا ئوخشاش فىقھە بابلىرى بويىچە تۈزۈلگەن. «سۇنەن ئىبن ماجە»گە مۇھەممەد ئىبن مۇسا دەمىرى (ھىجرىيە 808-يىلى ۋاپات بولغان) «ديباجة» (دىباجە) ئىسىملىك بەش جىلدلىق شەرھى يازغان. جالالىدىن سۇيۇتى «مصباح الزجاجة» (مىسباھۇززۇجاجە) ناملىق شەرھى يازغان. ھىجرىيە 841-يىلى ۋاپات بولغان ئىبراھىم ئىبن مۇھەممەد ھەلەبى بىر شەرھى يازغان. ھىجرىيە 1138-يىلى ۋاپات بولغان ئەبۇ ھەسەن مەدەنى بىر شەرھى يازغان. ھىجرىيە 1296-يىلى ۋاپات بولغان ئابدۇغەنى ئىبن ئەبۇ سەئىد ئۆمەرى «انجاح الحاجة على سنن ابن ماجة» (ئىنجاھۇلھاجە) ناملىق شەرھى يازغان.

ئىبن ماجە مەشھۇر ھەدىسشۇناس ۋە تەفسىرشۇناس بولۇپ، تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىبن يەزىد ئىبن ماجەدۇر. فامىلىسى ئەبۇ ئابدۇللادۇر. ئىبن ماجە ھىجرىيە 209-يىلى قەزۋىن شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باغداد، بەسرە، كۇفە، رەي، شام، مىسىر، ھىجاز قاتارلىق جايلارغا ھەدىس تەھسىل قىلىشقا بېرىپ، ئەبۇ بەكرى ئىبن ئەبۇ شەيبە، ئىمام مالىك ۋە ئىمام لەيسلەرنىڭ شاگىرتلىرىدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئىبن ماجەدىن نۇرغۇن كىشىلەر ھەدىس ئۆگەنگەن بولۇپ، ئىبن سىبۋەي، مۇھەممەد ئىبن ئىسا، ئىسھاق ئىبن مۇھەممەد، ئەلى ئىبن ئىبراھىم ئىبن سەلەمە، سۇلەيمان ئىبن يەزىد، ھەدىسشۇناس ئىبن كەسىرنىڭ بوۋىسى ئەھمەد ئىبن ئىبراھىم شۇلار جۈملىسىدىندۇر. ئىبن كەسىر مۇنداق دەيدۇ: "مەشھۇر «سۇنەن ئىبن ماجە» كىتابى ئۇنى تۈزگۈچى مۇھەممەد ئىبن يەزىد ئىبن ماجەنىڭ بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا دەلىل بولىدۇ. «سۇنەن ئىبن ماجە» 32 قىسىمغا ۋە 1500 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، 4000 ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممىسى سەھىھ ھەدىسلەردۇر".

ئىبن ماجە ئىلمى تەفسىردىمۇ چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. ئۇ قۇرئان كەرىمگە بىر تەفسىر يازغان. ئۇنىڭ «قەزۋىن تارىخى» ۋە باشقا ئەسەرلىرى بار. ئىبن ماجە ھىجرىيە 273-يىلى رامىزان ئېيىدا 64 يېشىدا ۋاپات بولغان.

* * * * * * * * * * *

ھىجرىيىنىڭ 3-ئەسىرى ئىلمى ھەدىس گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ، بۇ چاغدا نۇرغۇن ھەدىسشۇناسلار مەيدانغا كېلىپ، ھەدىسلەرنىڭ كېيىنكى دەۋر كىشىلىرىگە ساپ ھالەتتە يەتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن ئۆچمەس خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان مەشھۇر ئالتە ھەدىس كىتابمۇ ئەنە شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇ ئەسىر مۇھەددىسلىرى ھەدىسلەرنى يازمىلاردىن، كىتابلاردىن ئالماي ۋە ئۆگەنمەي، بىۋاستە مۇھەددىسلەردىن ئاغزاكى رەۋىشتە ئۆگىنەتتى ۋە نەقىل قىلاتتى. بۇ جەھەتتە ئېرىنمەستىن ئايلاپ، يىللاپ ئۇزۇن سەپەرلەرنى قىلاتتى. ئاغزاكى رىۋايەتنى ئاساس قىلىپ ھەدىسلەرنىڭ ئىسنادلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقاتتى. ھىجرىيە 4-ئەسىر كىرىش بىلەن ھەدىس رىۋايەت قىلىش ۋە تەھسىل قىلىشتىكى يۇقىرىقى ئەنئەنە سۇسلاپ، ھەدىسلەرنى كىتابلارنى ئاساس قىلىپ ئۆگىنىدىغان، كىتابلاردىن كۆچۈرۈپ ھەدىس كىتابلىرىنى تۈزىتىدىغان ھالەت شەكىللىنىشكە باشلىغان. ھەدىسشۇناس زەھەبى ئېيتقاندەك مانا شۇ دەۋر بۇرۇنقى ھەدىس راۋىلىرى بىلەن كېيىنكى راۋىلارنى ئايرىيدىغان سۇ بۆلگۈچ پاسىل بولۇپ قالغان. شۇنداقتىمۇ بۇ دەۋردە ھىجرىيە 3-ئەسىر ھەدىسشۇناسلىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئۇلارنىڭ قائىدىسى بويىچە ھەدىسشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغان بىر قىسىم مۇھەددىسلەر مەيدانغا كەلگەن. تۆۋەندە ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان ئىلمى ھەدىس پېشۋالىرى ئەنە شۇلار جۈملىسىدىندۇر:

1. الحاكم (ئەلھاكىم) نامى بىلەن مەشھۇر نىشاپۇرلۇق ئەبۇ ئابدۇللا «العلل (ئەلئىلەل)»، «أمالى» (ئەمالى)، «فوائد الشيوخ» (فەۋائىد شۇيۇخ)، «معرفة علوم الحديث» (مەئرىفەتۇل ئۇلۇم ھەدىس) قاتارلىق ئەسەرلەردىن باشقا «مستدرك» (مۇستەدرەك) كىتابىنى يازغان. «مستدرك» كىتابىغا ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىمنىڭ سەھىھ ھەدىسلەرنى تاللاشتىكى

شەرتلىرىگە چۈشىدىغان ئەمما ئۇلارنىڭ كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلمەي قالغان ھەدىسلەرنى ئاساس قىلىپ تۈزگەن. ئىراق، ھىجازلارغا سەپەر قىلىپ ئۇ يەرلەردىكى ھەدىس ماشايىخلىرى بىلەن مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بارغان. نىشاپۇردا قازىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

ئۇ ھىجرىيە 321 - يىلى نىشاپۇردا تۇغۇلغان بولۇپ، ھىجرىيە 405 - يىلى ۋاپات بولغان.

2. ئىمام ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى ئۆمەر «دارىقۇتنى» نامى بىلەن مەشھۇر زات بولۇپ، ھەدىستە مۆمىنلەرنىڭ پېشۋاسى دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئۇ ھەدىسشۇناسلىقتا ئۆز دەۋرىنىڭ ئىمامى سانالغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ھېپزى قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن نام چىقارغان. ئۆلىمالارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. ئالىم ئىبنى جەۋزى ئۇنى: ”ئىلمى ھەدىستىكى بىلىمى چوڭقۇر بولۇشى بىلەن يەنە ئىلمى فىقھى، ئىلمى قىرائەت، گرامماتىكاشۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات ساھەلىرىدىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىدى“دېگەن. ئۇ زات «كتاب السنن» (سۈنەن)، «كتاب الالزامات» (ئىلزامات)، «كتاب الافراد»(ئىفراد) قاتارلىق ھەدىس كىتابلىرىنى يازغان. ئۇ «سۈنەن»كىتابىنى فىقھى بابلىرى تەرتىپى بويىچە تۈزگەن.ھىجرىيە 385 - يىلى باغدادتا ۋاپات بولغان.

3. ئىبنى ھىببان نامى بىلەن مەشھۇر زات بولۇپ، ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ھىببان ئەبۇ ھاتەم بۇستىدۇر. ئۇ نۇرغۇن شەھەرلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆپ ماشايىخلار ئالدىدا ھەدىس تەھسىل قىلغان. ئىبنى سەمئانى: ”ئەبۇ ھاتەم زامانىسىنىڭ پېشۋاسى بولۇپ، شاش، ئىسكەندەرىيەلەرنى ئايلانغان“ دېگەن. ھاكىم: ”ئەبۇ ھاتەم دانا بولۇپ، فىقھى، ھەدىس، تىلشۇناسلىقتا ئىلىم بۇلىقى ئىدى“ دېسە، خەتىپ: ”ئەبۇ ھاتەم ئىشەنچلىك زات بولۇپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. «الأنواع والتقاسيم»نامىلىق ھەدىس توپلىمى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر“ دېگەن. ئەبۇ ھاتەمنىڭ ئۆزى:” ئۇ كىتابىمنى شاش بىلەن ئىسكەندىرىيە ئارىسىدىكى مىڭ پېشۋادىن ھەدىس تەھسىل قىلىپ يازدىم“ دېگەن. ھازىمى: ”ئىبنى ھىببان ھەدىس بابىدا ھاكىمدىن پۇختىدۇر“ دېگەن. ئىبنى ھىببان ھىجرىيە 354 - يىلى ۋاپات بولغان.

4. ئىمام ئەبۇلقاسىم سۇلەيمان ئىبنى ئەھمەد ئىسىملىك مۇھەددىس تەبەرانى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ««مۇئجەم كەبىر»، «مۇئجەم سەغىر»، «مۇئجەم ئەۋسەت» نامىلىق ئۈچ پارچە ھەدىس كىتابى تۈزگەن. ئۇ ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغۇچى ساھابىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئاساس قىلىپ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بەرگەن. ئۇ «مۇئجەم كەبىر» كىتابىغا 20مىڭ500 ھەدىس كىرگۈزگەن. «مۇئجەم ئەۋسەت» كىتابىغا 1000 راۋىنىڭ ئىسمىنى ئۇلار رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر بىلەن قوشۇپ بەرگەن. بۇ كىتاب ئالتە جىلدلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا 30 مىڭ ھەدىس كىرگۈزۈلگەن. «مۇئجەم سەغىر» كىتابى بىر جىلدلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىسنادلىرى بىلەن قوشۇلۇپ 1500 ھەدىس كىرگۈزۈلگەن. ئەبۇلقاسىم سۇلەيمان ئىبنى ئەھمەد تەبەرانى ھىجرىيە 360 - يىلى يۈز يېشىدا ۋاپات بولغان.

5. ئەبۇ مۇھەممەد قاسىم ئىبنى ئەسبەغ ئەندەلۇس (ئىسپانىيە) مۇھەددىسلىرىدىن بولۇپ،«الصحيح منتقى» (سەھىھ مۇنتەقا) نامىلىق ھەدىس كىتابىنى يازغان.ئۇ 340 - يىلى ۋاپات بولغان.

6. مۇھەددىس سەئىد ئىبنى ئوسمان ئىبنى سەئىد ئىبنى سەكەن ئەسلى باغدادلىق بولۇپ كېيىن مىسىردا تۇرۇپ قالغان. «سنن صحاح » دەپمۇ ئاتىلىدىغان «سەھىھ مۇنتەقا» نامىلىق ھەدىس كىتابىنى تۈزگەن. بۇنىڭدا دىنىي ئەھكاملارغا ئائىت ھەدىسلەرنى فىقھى بابلىرى بويىچە بەرگەن. ھەدىسلەرنىڭ ئىسنادلىرىنى بەرمىگەن. ئۇ ھىجرىيە 353 - يىلى ۋاپات بولغان.

7. پېشۋا ئالىملاردىن بولغان ئىمام تەھاۋى ئەھمىيىتى زور بولغان «معانى الأثار»( مەئانىل ئەسار) كىتابىنى يازغان. كىتابىنى بابلار بويىچە تۈزۈپ ناسىخ، مەنسۇخ ۋە ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەندۈرۈشلىرىنى بېرىشتىن تاشقىرى سەھىھ ھەدىسلەرنى دەلىللەپ كۆرسەتكەن. ھەدىسشۇناس ئىمام ئەينى (ھىجرىيە 855 - يىلى ۋاپات بولغان) ئۇنىڭغا شەرھى يازغان. ئىمام تەھاۋى ھىجرىيە 321 - يىلى ۋاپات بولغان.

(داۋامى بار)

# نەفلە نامازنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ خاسىيەتلىرى

ئىسمائىل ياقۇپ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

نەفل(نەفلە) دېگەن بۇ سۆز ”ئارتۇق، زىيادە“ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. نەفلە ئىبادەت ئاللاھ تائالا بىز مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىپ بېكىتكەن ئەمەللەرنىڭ سىرتىدا بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا بولغان ئىتائەتمەنلىكىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە قوشۇمچە نەفلە ئىبادەتلەر بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان ھەم بۇنى ساھابىلەرگە ئۆگەتكەن.

تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ”نەجدە قەبىلىسىدىن بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئىسلام دىنىدىن سورىغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ’بىر كېچە - كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى ئادا قىل‘ دېگەنىدى، ئۇ ئادەم: ’ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا ناماز بارمۇ؟‘ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ’ياق، لېكىن نەفلە ناماز بار‘ دەپ ’رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتقىن‘ دېگەنىدى، ئۇ ئادەم: ’ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا روزا بارمۇ؟‘ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ’ياق، لېكىن نەفلە روزا بار‘ دەپ ’يەنە زاكاتنى بەرگىن‘ دېگەنىدى، ئۇ ئادەم: ’ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا زاكات بارمۇ؟ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ’ياق، لېكىن نەفلە زاكات بار‘ دېدى. ئۇ ئادەم: ’ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭدىن ھېچنەرسىنى ئاشۇرۇۋەتمەيمەن ۋە كېمەيتىپمۇ قويمايمەن‘ دەپ ئارقىغا بۇرۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ’ئەگەر بۇ ئادەم راستچىل بولسا نىجات تاپتى‘ دېدى“(«لۇئلۇلمەرجان»، 2 - بەت). بۇ ھەدىستىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، ئىبادەت دېگەن بىكار بولغاندا كۆپ قىلىنىۋېتىپ، بىرەر ئىشقا مەشغۇل بولغاندا كېمەيتىپ قويىدىغان نەرسە بولماستىن، پەقەت ئۆلچەم بويىچە قىلىش دېمەكتۇر. ئېھتىياتچانلىق چېكىدىن ئېشىپ كەتسە قورقۇنچاقلىققا ئايلانغىنىدەك، ئىبادەتمۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتسە بىدئەتكە ئايلىنىدۇ.

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە بىر قىسىم كىشىلىرىمىز تەركىدۇنيالىشىپ، نەفلە ئىبادەتلەرنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ، بىر كۈندە مانچە يۈز رەكەت ناماز ئوقۇيمەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مانچە مىڭ قېتىم دۇرۇت ئېيتىمەن دېگەندەك ئىشلارنى قىلىپ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى كۆرسىتىپ بەرگەن ئاسان ئىبادەتلەرنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. نەتىجىدە بىر قىسىم كىشىلەر ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇپ تەرەققىياتقا يۈزلىنىش، پەرزەنت تەربىيىلەش، ئىلىم ئىگىلەش جەھەتتە ئارقىدا قېلىۋاتىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار پەرز ئەمەللەردە بولسۇن ياكى نەفلە ئەمەللەردە بولسۇن، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ تەلىپىگە قارىتا(زىيادە - كەم قىلماستىن) ئىبادەت قىلىشىمىز لازىم. نەفلە ئىبادەت ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىيورۇقلىرى بويىچە قىلىنسا، بۇنىڭ دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىبادەتلەر بەندىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرۇشقا ۋاستە بولىدۇ، ئۇنىڭ كەم قالغان پەرز ئەمەللىرىمىزنى تولۇقلاشقا كۆپ پايدىسى بار. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”قىيامەت كۈنى كىشىلەردىن ھېساب ئېلىنىدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ئەۋۋىلى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن ناماز بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلگەن تەقدىردىمۇ، پەرىشتىلەرگە:

‘بەندەم نامازنى تولۇق ئادا قىلدىمۇ؟ ياكى كەم ئادا قىلدىمۇ؟ قاراڭلار’ دەيدۇ. ئەگەر ناماز تولۇق بولسا ساۋابى تولۇق يېزىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە كەم قالسا، ئاللاھ: ‘بەندەمنىڭ نەفلە ئەمەللىرى بارمۇ؟ قاراڭلار’ دەيدۇ. نەفلە ئەمەللىرى بولسا، ئاللاھ: ‘پەرز ئەمەللىرىگە نەفلە ئىبادەتلىرىنى تولۇقلاپ بېرىڭلار’ دەيدۇ. باشقا ئەمەللىرىمۇ شۇنىڭ ئوخشىشىدا نەفلە ئەمەلى بىلەن تولۇقلىنىپ ھېساب ئېلىنىدۇ“ («مىنھاجۇلمۇسلىم»، 244-بەت). يۇقىرىدىكى ھەدىستىن نەفلە نامازنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. تۆۋەندە بۇ نامازلارنىڭ پەزىلەتلىك ۋە خاسىيەتلىكرەكى بولغان تەسبىھ نامىزى ۋە ھاجەت نامىزىنى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشىنىش ئېھتىياجىغا سۇنىمىز.

## تەسبىھ نامىزى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلى ئابباس ئۈچۈن مۇنداق دېگەن: ”ئى تاغام ئابباس، ھەر قاچان ئىجرا قىلساڭ سېنىڭ ئاۋۋالقى ۋە ئاخىرقى، كونا ۋە يېڭى، سەۋەن ۋە قەستەن، كىچىك ۋە چوڭ، مەخپىي ۋە ئاشكارا ئون خىل گۇناھىڭنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويايمۇ؟ تۆت رەكەت ناماز ئوقۇغايسەن، ھەر رەكەتتە سۈرە «فاتىھە» ۋە يەنە بىر سۈرە ئوقۇپ ئاۋۋالقى رەكەتتە قىرائەتتىن بىكار بولغان چاغدا سەن ئۆرە تۇرغان ھالەتتە ‘سۇبھانەللاھى، ۋەلھەمدۇلىللاھى، ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھنى پاك دەپ ھېسابلايمەن، ئاللاھنى مەدھىيىلەيمەن، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغ)’ نى 15 قېتىم، ئاندىن رۇكۇ قىلغان ھالەتتە ئون قېتىم، رۇكۇدىن بېشىڭنى كۆتۈرگەن ھالەتتە ئون قېتىم، سەجدە قىلغان ھالەتتە ئون قېتىم، سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ (ئىككى سەجدە ئارىلىقىدا) ئون قېتىم، يەنە سەجدە قىلغان ھالەتتە ئون قېتىم، سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ (ئىككىنچى رەكەتكە قوپۇشتىن ئىلگىرى ئولتۇرغان ھالەتتە) ئون قېتىم دەپ، ھەر رەكەتتە 75 قېتىمدىن تۆت رەكەتتە 300 قېتىم دېگىن، ئەگەر قادىر بولالىساڭ، بۇ نامازنى ھەر كۈنى بىر قېتىم ئوقۇغىن، مۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىساڭ ھەر جۈمە كۈنى بىر قېتىم ئوقۇغىن، بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساڭ ھەر ئايدا بىر قېتىم ئوقۇغىن، بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساڭ ھەر يىلدا بىر قېتىم ئوقۇغىن، بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساڭ، ئۆمرۈڭدە بولسىمۇ بىر قېتىم ئوقۇغىن“ دېگەن (ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر رىۋايىتىدە، ”ئەگەر سېنىڭ گۇناھىڭ زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ سانىچە بولسىمۇ، بۇ ناماز بىلەن مەغپىرەت قىلىنىدۇ“ دېيىلگەن، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە: ”ئەگەر سېنىڭ گۇناھىڭ باياۋاندىكى قۇمنىڭ سانىچە بولسىمۇ، بۇ ناماز بىلەن ئاللاھ مەغپىرەت قىلىدۇ“ دېگەن) («ئەتتاجۇلجامىئۇل ئۇسۇل»، 1-قىسىم، 334-بەت).

## ھاجەت نامىزى ۋە ئۇنىڭ دۇئاسى

ئابدۇللا ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ياكى بىرەر ئادەمگە ھاجىتى بار كىشى. ئەستايىدىل تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ. ئاندىن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىپ، ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇسۇن:

لا اله إلاالله الحليم الكريم، سبحان الله رب العرش العظيم، الحمد لله رب العالمين ، اسألك موجبات رحمتك، و عزائم مغفرتك، و الغنيمة من كل بر، والسلامة من كل إثم لاتدع لي ذنبا الا غفرته، ولاهما الا فرجته، ولا حاجة هي لك رضا الا قضيتها يا ارحم الراحمين (لا ئىلاھە ئىللەللاھۇلھەلىمۇلكەرىم، سۇبھانەللاھى رەببىل ئەرشىلئەزىم، ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل ئالەمىن، ئەسئەلۇكە مۇجىباتى رەھمەتىكە، ۋەئەزائىمە مەغفىرەتىكە، ۋەلغەنىمەتە مىن كۇللى بىررىن، ۋەسسەلامەتە مىن كۇللى ئىسمىن، لا تەدەئلى زەنبەن ئىللا غەفەرتەھۇ، ۋەلا ھەممەن ئىللا فەررەجتەھۇ، ۋەلا ھاجەتەن ھىيە لەكە رىزەن ئىللا قەزەيتەھا يا ئەرھەمەرراھىمىن)

تەرجىمىسى: ئاللاھتىن باشقا ھېچ ھەلىم (گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان) ۋە سېخى زات يوق، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھنى پاك دەپ بىلىمەن، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنى مەدھىيىلەيمەن، سېنىڭ

رەھمىتىڭنىڭ ماڭا مۇۋاپىق بولۇشىنى، سېنىڭ مەغپىرىتىڭنىڭ تېگىشلىك بولۇشىنى، ھەر بىر ياخشىلىقتىن پايدا ئېلىشىمنى، ھەر بىر گۇناھتىن ساقلىنىشىمنى تىلەيمەن؛ ئى، بەك رەھىم قىلغۇچى ئاللاھ! سەن مەغپىرەت قىلساڭ، مەندە ھېچ گۇناھ قالمايدۇ. سەن غەمدىن خالاس قىلساڭ، مەندە ھېچ غەم-قايغۇ قالمايدۇ. سەن ھاجىتىمنى ئادا قىلساڭ، مەندە ھېچ ھاجەت قالمايدۇ) («ئەتتاجۇلجامىئۇل ئۇسۇل»، 1-قىسىم، 336-بەت).

ئەبدى دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**كىمكى تاھارەتنى مۇكەممەل ئېلىپ، ئاندىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ تاماملىسا، ئۇنىڭ سورىغان نەرسىسىنى ئاللاھ شۇ زامات بېرىدۇ ياكى كېچىكتۈرۈپ بېرىدۇ**" دېگەن. («فىقھۇسۇننەت»، 1-قىسىم، 180-بەت)؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ھەدىسىدە: "**كىمكى ئۇنىڭ ئاللاھقا ھاجىتى بولىدىكەن، ئۇ ئادەم ھەر بىر پەرز نامازنىڭ ئارقىسىدا شۇ ھاجىتىنى ئېيتىپ دۇئا قىلسۇن**" دېيىلگەن («قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما»، 355-بەت).

يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىدىن بىلىمىزكى، دەۋرىدە قىلىنغان ھەر قانداق گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت بولىدىغانلىقىنى، ھەم بىرەر ئىشقا موھتاج بولغان ئادەم (ھېچ قانداق كىشىنى ئاللاھقا ۋاسىتە قىلماستىن) پەقەت ئىبادەت ئارقىلىق ئاللاھتىن سورىسا ئۇنىڭ ھاجىتى ئادا قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا جىمى مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ، پۈتكۈل ھاجەتلىرىمىزنى ئادا قىلىپ، ھەممىمىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## ئابدۇلتىپ داموللا ھاجى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى



سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 10-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، خوتەن شەھىرى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپى ئابدۇلتىپ ئابدۇرەھىم داموللا ھاجى 2006-يىلى 1-ئاينىڭ 21-كۈنى سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4-يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تولۇقلاپ سايلاندى. بۇ مەملىكىتىمىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ نامايەندىسى،شۇنداقلا، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ۋە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ شەرىپى.

ئابدۇلتىپ داموللا ھاجى، ئۇيغۇر، خوتەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1946-يىلى 11-ئايدا تۇغۇلغان، پەننى جەھەتتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. 1962-يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1965-يىلغىچە خوتەن ناھىيىسى لاڭرۇ يېزىسى 5-چوڭ ئەترەتنىڭ بوغالتىرى بولغان. 1965-يىلدىن 1987-يىل 2-ئايغىچە خوتەن ناھىيىسى ۋە قەشقەر شەھىرىدە ئۆلىمالاردىن دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1987-يىل 2-ئايدىن ھازىرغا قەدەر ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ خوتەن شەھىرى لەڭگەر ، ھېيتگاھ جامەلىرىنىڭ خاتىپى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

ئابدۇلتىپ داموللا ھاجى چوڭقۇر ۋە كۆپ تەرەپلىمە ئىسلامىي ئىلىم تەھسىل قىلغان ئۆلىما بولۇپ، 2004-يىلى جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سالاھىيىتى بىلەن سۈرىيە ، ماراكەش، مىسىر قاتارلىق ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىدە زىيارەت قىلىپ، بۇ ئەللەرنىڭ ئىسلام دىنى ئەھۋاللىرىنى ئۆگىنىپ كەلگەنىدى. ئابدۇلتىپ داموللام يەنە كۆپ قېتىم مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. (ش)

# ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى تونۇش ۋە ئۆزىنى بىلىش توغرىسىدا!

ئابدۇغېنى ئابدۇۋەلى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۆزىنى تونۇغان كىشى ئۆز رەببىنى تونۇيالايدۇ" دېگەنىدى. دەرۋەقە بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ تۇزۇك ياشىماي روھىي ۋە ماددىي يېتىلىشىنىڭ ئۆزىگە خاس نېسۋىسىنى تېتىماي ئۆمرىنى گۇمراھلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ئادەم ئاخىرەتتە دەھشەتلىك ھېساب بېرىدۇ. ئۆز - ئۆزىنى سۆيمىگەن ئادەمنى ھېچكىم سۆيمەيدۇ. ئۆزىگە ئۆزى ياردەم قىلمىغان ئادەمگە ھېچكىم ياردەم قىلمايدۇ. ئۆز قانۇنىيىتىدىن ئايرىلغان نەرسە ھالاكەتتىن دېرەك بەرگەنىدەك، ياشاشنىڭ تۈپكى ماھىيىتىنى بىلمىگەن ئىنسان ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ جىسمى تىرىك بولغان بىلەن روھى ئۆلۈكتۇر. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.**

— سۈرە«رەئد» (13 - سۈرە)، 11 - ئايەت.

**شۈبھىسىزكى، بىلمەستىن يامان ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە ئەمەلىنى تۈزەتكەنلەرگە پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.**

— سۈرە«نەھل» (16 - سۈرە)، 119 - ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:"كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەيىبىنى تۈزەش بىلەن بولغان ئادەم چوڭ ساۋابقا ئېرىشىدۇ". شۇڭا بىز ئۆزىمىزنى تونۇمىساق، روھىمىزنى ساپلاشتۇرمىساق، ئۆزىمىزدىكى ئەيىبلەرنى تۈزەتمىسەك، جەمئىيەتتە ئۆز رولىمىزنى جارى قىلدۇرمىساق چوڭ ساۋابقا ئىگە بولالمايمىز ھەم دۇنيا سەھنىسىدىن ئورۇن ئالالمايمىز.

ئاللاھ بىزگە ھەر قانداق زامان ۋە ماكانغا ماسلىشىدىغان مول مەزمۇنلۇق ئۇلۇغ كىتاب «قۇرئان كەرىم»نى، بىزنى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىپ تىنچلىققا، خاتىرجەملىككە، شۇنداقلا بۇ دۇنيادا ئۆزئارا بىر - بىرىگە مېھرىبان، كۆيۈمچان، سەممىي، ھەقىقىي ئادەمدەك ۋە ئادەمگە خاس خىسلەت، پەزىلەت بىلەن ياشاشقا ئۈندەيدىغان توغرا دىن— ئىسلام دىنىنى ۋە شۇنى قوبۇل قىلىدىغان ئەقىل - پاراسەتنى ئاتا قىلدى. مانا بۇ ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتى.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.**

— سۈرە«مائىدە» (5 - سۈرە)، 3 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئاللاھ ئۆزىنىڭ مۇشۇ شەك - شۈبھە بولمىغان مۇقەددەس كىتابى قۇرئان كەرىمدە بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نېمىتىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. مۇشۇ ئارقىلىق ھەر بىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ مۇشۇ دۇنياغا. جۈملىدىن بىزگە ئاتا قىلغان نېمىتىنىڭ ئىسلام دىنى ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا، تەشەككۈر ئېيتىپ

تۇرۇشى لازىم. ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان يەنە بىر چوڭ نېمىتى بىزنى يولباشچىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى بولۇشقا تاللىغانلىقى.

ئەمدى بىز ئاللاھنىڭ نېمىتىگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇشىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولۇشقا لايىقلىشىش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

ئاللاھ بىزنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل بولىدىغان ئىسلام دىنى ۋە ئالەمنىڭ نۇرى، ئەخلاق خەزىنىسى، مۆجىزىلەر سەركەردىسى، جەننەتنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى بولغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۈممەت بولۇشتەك شەرەپكە ئىگە قىلغانىكەن، بىزمۇ يۈكسەك تىرىشچانلىق بىلەن ئىسلام دىنىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى، شۇنداقلا ئىسلام ئەۋلادلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەربىيىلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىمىز، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ، ئاللاھ ئىرادە قىلغاندەك بەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈمىد قىلغاندەك ياخشى ئۈممەت بولۇش ئۈچۈن پۈتكۈل تىرىشچانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ، دىنىمىزنىڭ ئەقىدىسى ۋە ئەخلاق، قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئۆزىمىزگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، رولىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىر كىشىلىك مەجبۇرىيىتىمىزنى، مۇسۇلمانلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك.

ئۆزىمىزنى تونۇشىمىز ئۈچۈن يەنىلا ئەڭ ئاۋۋال قۇرئان كەرىمدىكى، ھەدىسلەردىكى ھېكمەتلىك بايانلارغا مۇراجىئەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنىڭ، جۈملىدىن ھەر بىر ئىنساننىڭ بىر كىشىلىك مەجبۇرىيىتى، مەسئۇلىيىتىنى تولىمۇ روشەن بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۈممەتلەر ۋە ھەر قايسى قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ھالىتىنى، ئىش-پائالىيەتلىرىنى، پايدا-زىيىنىنى تولۇق بايان قىلىپ ئۆتكەن، ئاندىن پەيغەمبىرىمىز ئۆزىنىڭ سۆزلىرىدە يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە، چۈشىنىشلىك ھالەتتە كۆرسەتكەن. بىز شۇلاردىن پايدىلىنىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنى تونۇيمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنىڭ نىجاتلىق يولىنى تاپالايمىز.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**بۇ كىتاب غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ساڭا بىز (بۇ) كىتابنى ھەقىقەتەن ھەق بىلەن (يەنى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) نازىل قىلدۇق، دىنىڭنى شېرىكتىن(ۋە رىيادىن) ساپ قىلغىنىڭ ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن.**

— سۈرە«زۇمەر» (39-سۈرە)، 1-، 2-ئايەتلەر

**بۇ (قۇرئان ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىگە كامىل) ھىدايەتتۇر، پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.**

**بۇ (قۇرئان) ئىنسانلار ئۈچۈن روشەن پاكىتلاردۇر، ھىدايەتتۇر، (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) جەزمەن ئىشەنگەن قەۋم ئۈچۈن رەھمەتتۇر.**

— سۈرە«جاسىيە» (45-سۈرە)، 11-، 20-ئايەتلەر

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى-يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، روھنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ.**

— سۈرە«شەمس»(91-سۈرە)، 7—9-ئايەتلەر

ھەقىقەتەن ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئىنسان قەلبىنىڭ قۇرغاقلىشىشى، روھىنىڭ بۇلغىنىشى، ئېتىقادىنىڭ يوقىلىشىدۇر. بىز ئاشۇ قۇملىشىۋاتقان قەلبىمىزنى، كۈندىن كۈنگە بۇلغىنىۋاتقان روھىمىزنى ساپلاشتۇرۇش، ئاستا-ئاستا يوقىلىشقا يۈزلىنىۋاتقان ئېتىقادىمىزنى قايتىدىن تىكلەش ئۈچۈنمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

لېكىن، تولىمۇ ئەپسۇس، ئىنسانلارنىڭ بەزىسى ھازىر روھنى پاك قىلىشنىڭ ئورنىغا ئىپتىدائىي ھەۋەسكە قىزىقىپ ھايۋان تەبىئىتىگە خاس بەزى ياۋايى ھالەتلەرنى دۇنياۋى يۈزلىنىش، مەدەنىيلىشىش، زامان تەرەققىياتى دەپ چۈشەندۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداقلا بىز مۇسۇلمانلاردىمۇ ئىسلامىي، مىللىي ئەنئەنىنى ئىنكار قىلىدىغان خاھىش يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئىسلامىي تەرەققىياتىمىز، ئەدەپ-ئەخلاق كۆز قاراشلىرىمىز، تەلىم-تەربىيىمىز، مىللىي ئەنئەنىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز ئەرزىمەس بولۇپ قالدىمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، دىنىمىزدا، ئەنئەنىمىزدە بىزنىڭ ماددىي، مەنىۋى،

ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىمىزگە، تۇرمۇشىمىزدىكى مۇرەككەپ مەسىلىلەردىن ئاددىي مەسىلىلىرىمىزگىچە چېتىلىدىغان ئاجايىپ دۇردانىلەر، مول مەزمۇنلار كەڭ دائىرىدە بايان قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان ۋە چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ مەزمۇنلار بىزنىڭ ھەر بىر پائالىيىتىمىزگىچە يېتەكچىدۇر.

ھالبۇكى، بىز بولساق ئاشۇ بايان ۋە چۈشەندۈرۈش، يول كۆرسىتىشلەرنى كۈندىلىك پائالىيىتىمىز، ئومۇمىي ئىشلىرىمىزدا، كوللېكتىپ ۋە شەخسىي مەنپەئەتكە چېتىلىدىغان پائالىيەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزگە تەتبىقلاپ شۇ بويىچە يول تۇتۇشنىڭ ئورنىغا ئۆز ئېتىقادىمىز، ئىمانىمىزنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئەبجەش يۈزلىنىشلەر بىلەن روھىمىزنى بۇلغاپ، قەلبىمىزنى ئاللىبۇرۇن چىرىگەن مەنىۋى كېسەلنىڭ ئورنىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىمىز.

ئىمان ۋە ئىسلام ئىنسانغا بەخت ۋە تىنچلىق، ئىشەنچ بېرىش بىلەن بىلىمدىن، ئىلىم-پەندىن مەھرۇم قىلمايدىغان، ئاخىرەتكە باغلاش بىلەن دۇنيادىن قۇرۇق قالدۇرمايدىغان، ئاسمان كۆككە چىقىرىش بىلەن زېمىندىن ئايرىۋەتمەيدىغان ئالەمشۇمۇل غايىلەرنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان مەنىۋى كۈچ ۋە تايانچ.

ئىنساندىكى ئەخلاقى چىرىكلىك، روھىي ئازاب، ئائىلە پاراكەندىلىكى، ئەقلىي نورمالسىزلىق، ئىجتىمائىي بۆلۈنۈش، ئادەمنى يۈرەكئالدى قىلىپ قويىدىغان جىنايى ھالەتلەر ھەرگىز مەدەنىيەت ۋە زامانىۋىلىشىش ئەمەس. دېمەك، ئاللاھنى ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇغان، ئىمانى ئاجىزلىشىپ، ئېتىقادى يوقالغان مىللەت ئىچىدە، ئىمان، ئېتىقاد يوقالغان ماكاندا بۇزۇقچىلىق يامراپ، پاسىقلىق ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ.

شۇڭا بىز روھىمىزنى ساپلاشتۇرۇش، ئىمان-ئېتىقادىمىزنى قوغداشقا پايدىسى بار نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، ئۆز قەدىر-قىممىتىمىزنى چۈشۈرىدىغان، ئېتىقادىمىزنى سۇسلاشتۇرۇپ ئىمانىمىزنى يوق قىلىدىغان نەرسىلەردىن، ئىش-پائالىيەتلەردىن يىراق بولۇشىمىز، ناچار قىلىقلاردىن نەپرەتلىنىشىمىز، يىرگىنىشىمىز، قولىمىزدىن كېلىشىچە شۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۆز قەدىر-قىممىتىمىزنى ئۆزىمىز يارىتىشىمىز، ئىززەت-ئىكرامنى ئۆزىمىز قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ساناپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھ ئاسمانلاردىكى زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى(كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (قۇدرىتى ئىلاھىيىنى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) (روشەن) دەلىللەر بار.**

——سۈرە«جاسىيە» (45-سۈرە)، 13-ئايەت

شۇڭا بىز بۇ نېمەتلەرنى ۋە پۇرسەتلەرنى قەدىرلەپ، ھەر بىر ئارتۇقچىلىقلىرىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ، قېرىنداشلارنىڭ پايدىسى، مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئازراق بولسىمۇ خۇشاللىققا ئېرىشتۈرۈپ، خاتىرجەم قىلىشىمىز، ھەرگىز ئۆزىمىزنى ۋە روھىمىزنى، مۇقەددەس ئېتىقادىمىزنى ئۇنتۇپ، ئۆزئارا پىتنە-پاسات، غەيۋەت-شىكايەت، كۆرەلمەسلىك، چېقىمچىلىق، بىر-بىرىگە ئورا كولاش... قاتارلىق قەبىھ روھىي ئىللەتلەرنى تارقىتىپ ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ، ۋىجدان، ئار-نومۇس، قېرىنداشلىق، مېھىر-شەپقەتنى يوقاتقان ئادەم ھايۋاندىنمۇ بەتتەر بولىدۇ.

ھالبۇكى، خېلى بىر قىسىملىرىمىز ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ھەقىدىغا يەتكۈزۈپ تونۇپ يېتەلمىدۇق. ئۆزئارا قېرىنداشلىق ۋە ئىللىقلىقنىڭ قەھرى-غەزەپتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، باشقىلارغا يول قويۇپ سەۋرچان بولۇشنىڭ قورقۇنچاقلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا دوستلۇق-قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىپ، مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىنسانغا خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلساقمۇ، ئۆزئارا تالىشىشنىڭ بىزگە پايدا ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساقمۇ، يەنىلا ئۆزئارا يول قويۇشماي ئىنسانىي پەزىلەت، مېھىر-شەپقەت، ئىسلامىي مېھىر-مۇھەببەت ۋە قېرىنداشلىقنى دەپسەندە قىلىپ ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋاتىمىز. بۇ بىزدىكى ئۆزىمىزنى بىلمەي، ئاللاھنى، ئىسلامنى ھەقىقىي تونۇماي نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇمراھلىققا يۈزلىنىشىمىزنىڭ روشەن بىر تەرىپى ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇنى ئۇنتۇمايلىكى، تارىخىمىزدا نۇرغۇن ئۇلۇغلىرىمىز ئىسلامىيەتتىن ياتلاشماي، ئېتىقادىنى يوقاتماي، ئىنسانىيەت تارىخىغا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ ئۆچمەس مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان. چەت ئەللىكلەر ھازىر ئاددىي قۇرۇلمىلاردىن ئۆتۈپ، ئاددىي كۆزقاراش ۋە چۈشەنچىلەرنى تاشلاپ، ئېلېكترون، ئۈچۈر دەۋرىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئالەم سىرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئاللاھنىڭ مۆجىزە ۋە ھەقىقەتلىرىنى



ئاشكارىلاپ، ئاستا-ئاستا زالالەت ۋە جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ھەقىقەت ۋە ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىۋاتىدۇ. ئەگەر بىزمۇ ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان پۇرسىتى ۋە نېمىتىنى جايىدا ئىشلىتىپ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرۈپ، تاشقى دۇنيا، ئالەم سىرلىرى ۋە ئۆزىمىز ھەققىدە كۆپرەك ئويلانساق ھەقىقىي ئىمان ۋە ئېتىقادقا ئىگە بولالايمىز. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۆمىنلەر ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار. سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (ئاللاھ زېمىندا) تارقىتىۋەتكەن جانىۋارلاردا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە) جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار.**

—سۈرە «جاسىيە» (45-سۈرە)، 3—5-ئايەت

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى.**

— سۈرە «ھۇد» (11-سۈرە)، 101-ئايەت

ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق، كۆپ ھاللاردا ئازاب-ئوقۇبەت بىزنى ئاسانلىقچە يىقىتالمايدۇ. لېكىن ئېتىقادىمىز ۋە ئىشەنچىمىز، ئىمانىمىزنىڭ سۇسلۇقىدىن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز يىقىتىمىز. يەنى غەيرەت-ئىرادە، ئەقىدىمىزدىن مەھرۇم قالىمىز-دە، شەيتاننىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كېتىپ تۈگىمەس ئازابقا قالىمىز، باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇتۇلۇپ بىچارىلىشىپ كېتىمىز. ئەگەر بىز ئىرادىمىز، ئىمانىمىز، ئېتىقادىمىز ۋە ئىشەنچ-ئەقىدىمىزنى مۇستەھكەملەپ، ئازراق بەرداشلىق بېرىپ تىرىشساقلا نەتىجە يارىتالايمىز، ھەممىلەنگە جاۋاب قايتۇرالايمىز.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر.**

—سۈرە «ئەسر» (103-سۈرە)، 1—3-ئايەتلەر

ئەقلى-ھوشى جايىدا، ئىمانى دۇرۇس، سەزگۈر كىشىلىرىمىز يۈرىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ۋىجدانى، دىن ۋە دىيانىتى ھەققىدە ئويلىنىپ باقسا بولىدۇ.

ئاللاھ بىزنى زىيان ئىچىدىكى ئادەملەردىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ۋە ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى تونۇيدىغان ياخشى مۇسۇلمان، غالىب ئەۋلادلاردىن قىلسۇن-ئامىن.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام دىنى ئىتتىپاقلىق، كەڭ قورساقلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەھلى جامائەت!

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇبارەك قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇكى:

و اعتصموا بحبل الله جميعا و لا تفرقوا .

**ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئاغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار.**

——سۈرە«ئال ئىمران»(3 - سۈرە)، 103 - ئايەت

ئاللاھ تائالا يەنە ئېيتىدۇكى:

خذ العفو و أمر بالعرف و أعرض عن الجاهلين.

**ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن).**

——سۈرە«ئەئراف»(7 - سۈرە)، 199 - ئايەت

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن أبى موسى رضى الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه و سلم قال: " المؤمن للمؤمن كالبنيان يشد بعضه بعضا " و شبك بين أصابعه] (متفق عليه).

"مۆمىنلەر بىلەن مۆمىنلەر خۇددى ھەرقايسى بۆلەكلىرى بىر-بىرىگە زىچ كىرىشتۈرۈلگەن بىر ئىمارەتكە ئوخشاش بىر-بىرى بىلەن باغلانغان" (رەسۇلۇللاھ بۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ بارماقلىرىنى كىرىشتۈرۈپ كۆرسەتكەن) (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن عائشة رضى الله عنها قالت: قال رسول الله صلى الله عليه و سلم: " إن الله رفيق يحب الرفق فى الأمر كله " ](متفق عليه).

**"ئاللاھ رەھىملىك، ھەممە ئىشتا مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ"** (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىملىرىدە ئىتتىپاقلىق ۋە كەڭ قورساقلىقنىڭ مۇھىملىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئىتتىپاقلىق بىز مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ مەنبەسى، شۇڭا ئاللاھ تائالا ۋە رەسۇلۇللاھ بىزنى ئىتتىپاقلىشىشقا، پارچىلانماسلىققا بۇيرۇغان. كەڭ قورساقلىق ۋە چۈشىنىش— ئىتتىپاقلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى، بىز پەقەت كەڭ قورساق قەلبىمىز بىلەن باشقىلارنى كۆپرەك چۈشەنسەك، ئوخشاش بولمىغان پىكىر ۋە قاراشلارغا كەڭ قورساقلىق قىلساق، ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرساق ھەمدە ياخشى نىيەتتە كېڭەشسەك ۋە پايدىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بارساقلا، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتەلەيمىز. ئەپسۇس، ئېچىنغان ھالدا كۆرۈۋاتىمىزكى، مۇسۇلمانلىرىمىز ئىچىدىكى بەزىلەر يىلتىزنى قايرىپ قويۇپ، شاخچىلارغا ئېسىلىۋېلىۋاتىدۇ، بىز مۇسۇلمانلارغا ئورتاق بولغان بەش پەرز، يەتتە ئىمانغا نەزەر سالمايۋاتىدۇ.

ئويغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەكسىچە، دىن جەھەتتىكى بەزى ئۇششاق شاخچە مەسىلىلەر ئۈستىدە يىپىدىن يىڭنىسىغىچە ئېيتىشىپ، ئېگىز-پەسلىك تالىشىۋاتىدۇ، ھەتتا ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىق، كەڭ قورساقلىق روھىغا پەرۋا قىلماي، بىر-بىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىر-بىرىنى قارىلاۋاتىدۇ، باشقىلارنى چۈشۈرۈپ، ئۆزىنى كۆتۈرۈۋاتىدۇ. نەتىجىدە، ئايرىم كىشىلەر قاراشلىرى بىلەن ئەمەل قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىكى كىچىككىنە پەرقلەر تۈپەيلىدىن ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلىشمايۋاتىدۇ، بىر-بىرى بىلەن سالاملاشمايۋاتىدۇ...ۋەھاكازالار. شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇ قىلمىشلار ئايەت-ھەدىسلەردىكى تەلىملەرگە ۋە ئىسلام دىنىمىز تەشەببۇس قىلىدىغان ئىتتىپاقلىق، كەڭ قورساقلىق روھىغا خىلاپ بولۇپ، بىز مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولماسلىقى كېرەك ئىدى. بىز ئايەتى كەرىمە ۋە ھەدىس شەرىفلەردىكى ئىتتىپاقلىق ۋە كەڭ قورساقلىق توغرىسىدىكى تەلىملەرنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، مۇسۇلمانلىرىمىز ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى قوغداپ، دىنىمىزنى ئىتتىپاقلىق، كەڭ قورساقلىق كەيپىياتى ئىچىدە نورمال جارى قىلدۇرۇشىمىز، تار ئامكىلىق ئىدىيە-ھەرىكەتلەرنىڭ ئىمانىمىزغا نۇقسان يەتكۈزۈشىگە يول قويماسلىقىمىز لازىم.

## 1. ئىسلام دىنى كەڭ قورساقلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ

ئىسلام دىنى ئەپۇ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئەپۇ قىلىش بولسا كەڭ قورساق بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەڭ قورساقلىق نىيىتى بولغاندىلا ئەپۇ قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى بىر مۇنچە سۈرە-ئايەتلەردە بۇ گۈزەل ئەخلاق تىلغا ئېلىنغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئۆزىنىڭ رەھىمدىل، كەڭ قورساقلىق پەزىلىتى ۋە كۆڭلى كۆكسى كەڭلىكى ئارقىلىق بۇ جەھەتتە بىزگە تېخىمۇ شانلىق نەمۇنە تىكلەپ بەرگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ قورساقلىق تەشەببۇسى ھەممە كىشىگە تەدبىقلىنىدۇ. ھەرقانداق ئادەمگە، جۈملىدىن مۇسۇلمانلار ۋە مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ھەممىسىگە كەڭ قورساق بولۇش، ئۇلار بىلەن دوستانە ئۆتۈش كېرەك. ئۇرۇغ-تۇغقان، دوست-يارەنلەر ئارىسىدا، قولۇم-قوشنىلار ئارىسىدىلا كەڭ قورساق بولۇپ قالماستىن، ئۆزىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان كىشىلەر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ قىلغان يامانلىقىغا ياخشىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بۇ جەھەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم تەڭدىشى يوق ئۈلگىمىز. ئۇ زات مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا قارىتا كەمتەر، تەلەپچان بولۇش پەزىلىتىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ھەتتا ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان دۈشمەنلىرىگە قارىتامۇ كەڭ قورساق، رەھىمدىل، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشتەك يۈكسەك پەزىلىتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ زات ئىسلام دىنىنى دەۋەت قىلىش جەريانىدا مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ خىلمۇخىل زەربىسى ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. ھەتتا ئۇ زات:"**ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر ئۇچرىغان زىيانكەشلىك مەن ئۇچرىغان زىيانكەشلىكتەك ئېغىر بولغان ئەمەس**" دېگەنىدى. لېكىن، رەسۇلۇللاھ مەككىنى فەتھى قىلىپ غەلىبە قازانغان چاغدا، ئىلگىرى ئۆزىگە ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغان، كۆز ئالدىدا دەككە-دۈككە ئىچىدە مەككىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا يىغىلىپ ئېغىر جازانى كۈتۈپ تۇرغان رەقىبلىرىگە:"**بېرىڭلار، ھەممىڭلار ئازاد**" دېگەن. كۆڭلى كۆكسى شۇنچە كەڭ، شۇنچە ئازادە رەسۇلۇللاھ ھەققەتەن داھىيلىققا مۇناسىپ. رەسۇلۇللاھ ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇپلا قالماستىن، ساھابىلىرىغىمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇش توغرىسىدا دائىم تەلىم بېرەتتى. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئۆز ساھابىلىرىغا:

[عن عبادة بن الصامت رضى الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه و سلم : " ألا أدلكم على ما يرفع الله به الدرجات ؟ " قالوا : نعم يا رسول الله ! قال: " تحلم على من جهل عليك و تعفو عمن ظلمك و تعطى من حرمك و تصل من قطعك " ](رواه البزار و الطبراني ).

"**مەن سىلەرگە ئاللاھ ئۇ ئارقىلىق دەرىجەڭلارنى ئۈستۈن قىلىدىغان ئەمەللەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟**" دېگەنىدە، ساھابى كىراملار: " ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ! " دېگەن، رەسۇلۇللاھ:"**ساڭا قوپاللىق قىلغان ئادەمنى كەچۈرگىن؛ ساڭا ئادىل بولمىغان ئادەمنى ئەپۇ قىلغىن؛ ساڭا بەرمىگەن ئادەمگە بەرگىن؛ سەندىن**

سىلە-رەھمىنى ئۈزگەن ئادەم بىلەن دوستلۇقىنى ساقلىغىن" دېگەن (بەزار ۋە تەبرانى رىۋايەت قىلغان).

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇبارەك قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇكى:

و اعتصموا بحبل الله جميعا و لا تفرقوا.

**ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئاغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار.**

——سۈرە«ئال ئىمران»(3-سۈرە)، 103-ئايەت

ئاللاھ تائالا يەنە ئېيتىدۇكى:

و لو شاء ربك لجعل الناس أمة واحدة و لا يزالون مختلفين.

**ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئادەملەرنى ئەلۋەتتە بىر ئۈممەت قىلاتتى، ئۇلار (دىن توغرىسىدا) داۋاملىق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر.**

——سۈرە«ھۇد»(11-سۈرە)، 118-ئايەت

يۇقىرىدىكى ئايەتى كەرىمەلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاق بولۇشى، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇشى كېرەك. ئىتتىپاقلىق —— ئىسلام دىنىمىز تەشەببۇس قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاق، جەمئىيەت مۇقىملىقى، جەمئىيەت يۈكسىلىشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى كاپالىتى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلار كۈچ-قۇدرىتىنىڭ مەنبەسى. ئىتتىپاقلىشىشتا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىمگە ئەمەل قىلىپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇش، بۆلگۈنچىلىك قىلماسلىق كېرەك. ئىتتىپاقلىشىشتا يەنە، كەڭ قورساق بولۇشتەك گۈزەل ئەخلاقنى جارى قىلدۇرۇش، ئوخشاش بولمىغان مەزھەپلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلىرى ۋە ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللىرىغا يول قويۇپ، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىش، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، بىر-بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق كېرەك. ئىسلام دىنىمىزنىڭ قارىشىچە، كۆزقاراش ۋە پىكىردە ئوخشاش بولماسلىق ياكى ئىختىلاپلىشىشمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا قىلغان رەھمىتى. ئاللاھ تائالا ئىختىلاپ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئەقىل-ئىدراكىنى ئېچىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىنسانلارنى توختىماي ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ، مۇھاكىمە قىلىپ، مۇنازىرە قىلىشىپ، كېڭىشىپ ئاخىرى بىرلىككە كېلىپ ھەقىقەتكە يېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا ئىختىلاپلىشىش ھەرگىزمۇ پارچىلىنىش ھېسابلانمايدۇ.

## 2. دىنىمىزنىڭ ئاساسىدا چىڭ تۇرۇپ، مەزھەپ-پىرقە قاراشلىرىنى سۇسلاشتۇرايلى

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بىزگە تەلىم بەرگەنكى:

شرع لكم من الدين ما وصى به نوحا و الذي أوحينا إليك و ما وصينا به إبراهيم و موسى و عيسى أن أقيموا الدين و لا تتفرقوا فيه.

**ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىيساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار.**

——سۈرە«شۇرا»(42-سۈرە)، 13-ئايەت

«قۇرئان كەرىم»دە يەنە ئېيتىلىدۇكى:

فاختلف الأحزاب من بينهم فويل للذين ظلموا من عذاب يوم أليم .

**(ناسارالار)نىڭ پىرقىلىرى ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشتى، زالىملارغا قاتتىق كۈن (يەنى قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىدىن ۋاي!**

——سۈرە«زۇخرۇف»(43-سۈرە)، 65-ئايەت

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه و سلم قال: " تركت فيكم أمرين لن تضلوا ما تمسكتم بهما: كتاب الله و سنة رسول الله "](رواه الإمام مالك).

**"مەن سىلەرگە ئىككى ئەڭگۈشتەرنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ئۇنى چىڭ تۇتساڭلار مەڭگۈ ئادىشىپ قالمايسىلەر. ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى(قۇرئان) ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر"**(ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى. قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلدى، بىز مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقاتتۇق. بىز مۇسۇلمانلار پەخىرلەنگەدەك بۈگۈنكى كۈنگە ئىگە بولۇشتا، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن باشقا، ئاللاھ تائالانىڭ ئاغامچىسى — قۇرئان كەرىمگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيەتلىرىگە چىڭ ئەمەل قىلىپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ بىردەك ئىتتىپاقلىشىشقا تاياندۇق.

بىز ئەھلى سۈننىيلارنىڭ تۆت چوڭ فىقھە مەزھىپىدە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەرنى چۈشىنىش جەھەتتە بەزى كىچىك پەرقلەر بولغان، بەزى فىقھە مەسىلىلىرىگە كونكرېت ھۆكۈم قىلىشتا بەزى كىچىك ئىختىلاپلار بولغان. لېكىن ھەرقايسى فىقھە مەزھىپىنىڭ فىقھە جەھەتتىكى ئاساسلىق ھۆكۈملىرى بىردەك بولۇپ، تۈپ جەھەتتىن زىددىيەت يوق. مەسىلەن، تاھارەتتىكى باشقا مەسھ قىلىشنى ھەرقايسى فىقھە مەزھىپى پەرز دەپ قارايدۇ: ھەنەفىيە مەزھىپى باشنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا مەسھى قىلىش پەرز دەپ قارايدۇ، شافىئىي مەزھىپى ئازراق بىر قىسىم چاچقا مەسھى قىلسىلا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ، مالىكى مەزھىپى بولسا باشنىڭ ھەممىسىگە مەسھى قىلىش پەرز دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ ھۆكمى چوڭ جەھەتتىن ئوخشاش، كىچىك جەھەتتىن پەرقلىق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىمدىكى:

يا أيها الذين آمنوا إذا قمتم إلى الصلاة فاغسلوا وجوهكم و أيديكم إلىٰ المرافق و امسحوا برؤوسكم .

**ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينەكلەر بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار...**

——سۈرە «مائىدە» (5 - سۈرە)، 6 - ئايەت

دېگەن ئايەتنى كەرىمگە ئەمەل قىلىپ، تاھارەت ئالىدۇ. تاھارەت ئالماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھېچكىم يوق. دېمەك، پەرق كىچىككىنە بولۇپ، پرىنسىپلىق ئەمەس.

تۆت چوڭ فىقھە مەزھىپىنىڭ ھەممىسى ئەھلى سۈننىلار بولۇپ، پەقەت شەرىئەت پرىنسىپلىرىنى تەدبىقلاشتا ئوخشىماسلىقلار بار. ھەرقايسى مەزھەپلەرگە ئەمەل قىلىدىغان مۇسۇلمانلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بىر خىل شەرىئەت ئەنئەنىسى سۈپىتىدە ۋارىسلىق قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىمىزنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇرغان. شۇڭا، ئوخشىمىغان پىرقە ياكى ئوخشىمىغان مەزھەپ كۆز قارىشى ۋە ئۇسۇلىغا قارىتا، بىز چوقۇم ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارغا كەڭ قورساق بولۇش، بىر-بىرىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىق ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

بىز مۇسۇلمانلار مەيلى قايسى پىرقە، قايسى فىقھە مەزھەپكە تەئەللۇق بولمايلى، بىزنىڭ تۈپ ئېتىقادىمىز ئوخشاش. ئوخشىمايدىغان تەرىپى پەقەت بەزى شاخچە مەسىلىلەردە پەرقنىڭ بولغانلىقىدا، بۇ پەرقلەر بىزنىڭ ئېتىقادىمىزغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئىتتىپاقلىقىمىزغا تېخىمۇ توسالغۇ بولالمايدۇ. بىز چوقۇم بارابەر، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارغا كەڭ قورساق بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىشىمىز لازىم، بۇنداق شاخچە مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر-بىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىشىمىزنىڭ، ئېيتىشىپ يۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. مۇسۇلمانلارنى قارىغۇلارچە كاپىر دېيىدىغان قىلمىشلاردىن يىراق تۇرىشىمىز كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتىدۇركى:

إن الذين فرقوا دينهم و كانوا شيعا لست منهم في شيء إنما أمرهم إلى الله ثم ينبئهم بما كانوا يفعلون .

**دىندا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا-جۇداسەن؛ ئۇلارنىڭ ئىشى پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر(يەنى ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر). كېيىن (يەنى ئاخىرەتتە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە ئېيتىپ بېرىدۇ.**

——سۈرە «ئەنئام» (6 - سۈرە)، 159 - ئايەت

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن أنس بن مالك رضى الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه و سلم قال: "لا تباغضوا و لا تحاسدوا و لا تدابروا و كونوا عباد الله إخوانا، و لا يحل لمسلم أن يهجر أخاه فوق ثلاثة أيام " ](رواه البخارى).

"ئۆزئارا ئۆچمەنلەشمەڭلار، بىر-بىرىڭلارغا ھەسەتخورلۇق قىلماڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ پېيىغا

چۈشمەڭلار، ئۆزئارا ئادا-جۇدا بولۇشۇپ كەتمەڭلار، ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ بەندىسى، مۇسۇلمانلار بىر-بىرى بىلەن قېرىنداش. مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنىڭ دىنى قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى ھارام» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھەر نۆۋەتتىكى ھەج مەزگىلىدە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلار مۇقەددەس زېمىنغا يىغىلىدۇ. ھەرەم مەسچىتى، پەيغەمبەر مەسچىتى ۋە باشقا مەسچىتلەردە ناماز ئوتىگەن ۋاقىتمىزدا، پىرقە ۋە مەزھەپلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قارىماي، ھەممىمىز بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ، ھەركىم ئۆزىنىڭ بەلگىلىمىسى ۋە قائىدە يوسۇنى بويىچە، ھەرخىل شەكىللەردە ناماز ئوقۇيدۇ. بۇ چاغدا ھەر كىمنىڭ ناماز ئوتەش شەكىللىرى ئانچە ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، ھەممىمىز بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ، بىرلا نىيەتتە بولىمىز؛ سەممىي ئىخلاسىمىز بىلەن، ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىپ، پەرزنى ئورۇنداپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيمىز. بۇ چاغدا، ھېچكىم ئوتتۇرىغا چىقىپ بىرى-بىرىنى بىرنەرسە دېمەيدۇ. باشقىلارنى ناماز شەكىللىرى توغرا بولمىدى، ناماز تەرتىپى توغرا بولمىدى، ئوقۇغان سۈرە-ئايەتلىرى توغرا بولمىدى، كىيىم-كېچەكلىرى توغرا بولمىدى، دەپ ئەيىبلىمەيدۇ. بۇ چاغدا جامائەتنىڭ مەزھەب كۆزقاراشلىرى كۆزگە چېلىقمايدۇ، جامائەتنىڭ ھەممىسى پەقەت بىز مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى كەڭ قورساقلىق، چۈشىنىش ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىلا ھېس قىلىدۇ. ئەلھەمدۇلىللاھ! بۇ نېمە دېگەن ياخشى ھالەت! ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق ھالەتنىڭ دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا نېسىپ قىلغاي!

## 3. ئىتتىپاق، كەڭ قورساق بولايلى، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرقلەرنى ساقلاپ قالايلى

قەدىمدىن بۇيان، بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ھەنەفىيە مەزھىپىگە ئەمەل قىلىپ كەلدى. بۇ، بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەنئەنىسى. ئاللاھنىڭ ھىممىتىگە شۈكرى، تارىختا ئۆتكەن ئۆلىمالىرىمىز قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف تەلىملىرىگە قەتئىي ئەمەل قىلىش پرىنسىپى ئاستىدا، زامانغا، ماكانغا لايىق ئىش كۆرۈپ، ئىسلام دىنىنى بىزنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا روناق تاپقۇزدى. ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلىرىمىز ئارىسىدىكى ئايرىم كىشىلەر ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىشقا ئامراق. ئۇلار باشقىلاردىن قوسۇر چىقىرىپ، باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ ھەمدە بەزى كىتابلاردىن ئايرىم ئىبارىلەرنى ئۈزۈۋېلىپ، باشقىلارنى ھەدەپ ساۋايدۇ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر، بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئەنئەنىمىزدە ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ھەنەفىيە مەزھىپىدىكى بەزى قاراشلار ۋە ئۇسۇللارنى نادانلىق بىلەن ئىنكار قىلىپ، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان كۆپچىلىك ئورتاق ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئەنئەنىلەرنى خاتاغا چىقىرىپ، ئۆزىمۇ توغرا ئەمەس، بۇمۇ توغرا ئەمەس دەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىتتىپاقلىق، كەڭ قورساقلىق روھىنى چۆرۈپ تاشلاپ، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى شاخچە مەسىلىلەردىكى پەرقىنى زورايتىپ، ئامما ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق، تالاش-ماجىرا پەيدا قىلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار تالاش-تارتىش قىلىۋاتقان مەسىلىلەر پەقەت بەزى ئۇششاق مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇنچىلىك كۆچەپ تەكتلەپ كېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ئۇلار، گەرچە ئەمەل قىلىدىغان پىرقە ياكى مەزھەپ جەھەتتە ئوخشاش بولمىساقمۇ، ئەمما ھەممىمىزنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئىكەنلىكىمىزنى، ھەممىمىزنىڭ بىردىن بىر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ، مۇبارەك قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلىپ، خاتەمۇل ئەنبىيايىمىز مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ يولىغا ئەگىشىدىغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالدى. بىز ئاللاھ ئەمرى قىلغان ياخشى ئىشلارنى قىلىشىمىز، ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز، بەزى شاخچە مەسىلىلەردە ئارتۇقچە تالاش-تارتىش قىلماسلىقىمىز، ماھىيەت بىلەن ھادىسىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ قويماسلىقىمىز، شاخچىغا ئېسىلىۋېلىپ غولىنى تاشلاپ قويماسلىقىمىز لازىم ئىدى. دىنىمىزنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئۇششاق-چۈشەك مەسىلىلەر سەۋەبىدىن ئومۇمىي گەۋدىنى

www.uyghurkitap.com

زەخمىلەندۈرىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز لازىم ئىدى. ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن حذيفة بن اليمان رضى الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه و سلم : " من لا يهتم بأمر المسلمين فليس منهم " ](رواه الطبرانى ).

"مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئادەم مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس" (تەبرانى رىۋايەت قىلغان). شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى ئۇسۇللارنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن باشقىلارنى ئىنكار قىلىدىغان، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلىرىمىز ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلماسلىقىمىز لازىم.

ئىتتىپاقلىشىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزئارا كەڭ قورساق بولۇش ۋە بىر-بىرىنى چۈشىنىش لازىم، كەڭ قورساقلىق بىز مۇسۇلمانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاق. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىزگە شۇنداق تەلىم بېرىدۇكى:

فاعف عنهم واستغفر لهم و شاورهم فى الأمر فإذا عزمت فتوكل على الله إن الله يحب المتوكلين .

**ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.**

——سۈرە«ئال ئىمران»(3-سۈرە)، 159-ئايەت

ھەر بىرىمىزنىڭ دىنىي بىلىم سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى ئوخشاش بولمىغانلىقى، مەسىلىگە قاراش دائىرىمىز ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەركىم ئۆزى بىلگىنىچە چۈشەندۈرۈش نەتىجىسىدە، كۆزقاراشمۇ ئانچە ئوخشاش بولماي، ئۇقتۇشمىنەزەر ۋە پىكىر جەھەتتە ئىختىلاپلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەرگىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. شۇڭا، دىنىي ئىشلارنى بېجىرگەن ۋاقتىمىزدا بىر-بىرىمىزگە ھۇجۇم قىلماسلىقىمىز، بىزمۇ باشقىلارنىڭ ئۇسۇللىرىغا ھۇجۇم قىلماسلىقىمىز، باشقىلارمۇ بىزنىڭ ئۇسۇللىرىمىزغا ھۇجۇم قىلماسلىقى كېرەك. ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىپ، ھەركىم ئۆز يولى بىلەن ئىش قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ دىنىي ئىشلارنى بېجىرىپ، بىرلىكتە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش مەنزىلىگە يېتىشىمىز لازىم.

بەزى مەسىلىلەردە ئىختىلاپلىشىپ قالساقمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى:

ادع إلى سبيل ربك بالحكمة و الموعظة الحسنة و جادلهم بالتى هى أحسن إن ربك هو أعلم بمن ضل عن سبيله و هو أعلم بالمهتدين .

**پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.**

——سۈرە«نەھل»(16-سۈرە)، 125-ئايەت

دېگەن تەلىمىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، بۇ مەسىلىلەرنى بىرلىكتە ئۆگىنىپ ۋە مۇھاكىمە قىلىشىپ توغرا جاۋاب تېپىپ چىقىشىمىز لازىم. بىز مۇسۇلمانلارمۇ كامالەتلىك ئادەم ئەمەس، خاتالىشىپمۇ تۇرىمىز. بىزمۇ باشقىلارنىڭ كەڭ قورساقلىق قىلىشىغا، چۈشىنىشىگە موھتاج بولىمىز. ئەگەر ئۆزىمىزگە خاتا مۇئامىلە قىلغان ئادەملەرگە كەڭ قورساق بولمىساق، ئۆزىمىزمۇ باشقىلارنىڭ كەڭ قورساقلىق قىلىشىغا مۇيەسسەر بولالمايمىز. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن عبد الله بن عمرو رضى الله عنهما عن النبى صلى الله عليه و سلم قال: " من لا يرحم لا يرحم "] (متفق عليه).

"باشقىلارغا رەھىم-شەپقەت قىلمايدىغان ئادەمگە رەھىم-شەپقەت قىلىنمايدۇ" (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەھلى جامائەت: ئاللاھنىڭ ئاغامچىسىغا(يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) چىڭ يېپىشىپ، ئاللاھ تائالا ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ تەلىملىرىگە چىن دىلىمىزدىن ئەمەل قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ قورساقلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆرەڭلىك ۋە بىر تەرەپلىمىلىكنى چۆرۈپ تاشلاپ،

ئىختىلاپ، ئىزالارنى ئۆزلۈكسىز تۆگىتىپ، تۆۋەندىكى ئىشلارنى ھەقىقي تۈردە ئىشقا ئاشۇرايلى:كەڭ قورساقلىق بولايلىكى، باشقىلارنى كەمسىتمەيلى، ئوخشاشلىق ئىچىدە ئوخشىماسلىقلارنى سىغدۇرۇپ، ئوخشىماسلىقلار ئىچىدە ئوخشاشلىققا ئىنتىلىپ، ئوخشاشلىقتا قېرىنداش بولۇپ، ئوخشىماسلىقتا ھۆرمەت قىلىشىپ ئۆتەيلى. يول قويالىكى چەتكە قاقمايلى. چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چۈشەنمەسلىكلەرنى تۆگىتىپ. چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ ئورتاق چۈشەنچىنى ئاشۇرايلى. ئىناق ئۆتەيلىكى ئۆچمەنلەشمەيلى. ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىپ، پەرقىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ، مەنلا نوچى دېيىشتىن ساقلىنايلى: ئالغا ئىلگىرىلەيلىكى ئارقىغا چېكىنمەيلى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، جەمئىيەتكە ئويغۇنلىشايلى. بىز بارلىق مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالا باشلىغان داغدام يولدا ئۆزىمىزنى توغرا ئىگىلەپ. نەپسى خاھىشتىن يىراق بولۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، كۆپرەك چۈشىنىپ، ئازراق ئەيىبلەپ، كۆپرەك كېڭىشىپ، ئازراق بەس-مۇنازىرە قىلىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، باشقىلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئالىيجاناب روھقا ئىگە بىر مۇسۇلمان بولايلى.

ئاللاھ تائالا بىزگە مەددەت بەرگەي— ئامىن!

و آخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين.

(«يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»، ئۈچىنچى توپلامدىن)



نۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇسۇلمانلار قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشى كېرەك

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەھلى جامائەت!

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇبارەك قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇكى:

و اعبدوا الله و لا تشركوا به شيئا و بالوالدين إحسانا و بذي القربى و اليتامى و المساكين و الجار ذي القربى و الجار الجنب و الصاحب بالجنب و ابن السبيل و ما ملكت أيمانكم.

**ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا - ئاناڭلارغا، خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، يانىدىكى ھەمراھقا، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل - چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار.**

—— سۈرە «نىسا» (4 - سۈرە)، 36 - ئايەت

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن عائشة رضي الله عنها قالت : قال رسول الله صلى الله عليه و سلم : " ما زال جبريل يوصيني بالجار حتى ظننت أنه سيورثه " ](رواه أبو داود و الترمذى).

**" جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا دائىم قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى، ھەتتا مەن قوشنىنى (ماڭا) مىراسخور قىلىپ قويارمىكىن دەپ ئويلاپ قالاتتىم" (ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).** بۇ يەردىكى "قوشنا" مۇسۇلمان قوشنىنىمۇ ۋە مۇسۇلمان بولمىغان قوشنىنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتى كەرىمە ۋە ھەدىس شەرىف بىزگە شۇنى بىلدۈرىدۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسئۇلىيىتى ئىككى خىل بولۇپ، ئۇلار: بەندىنىڭ ئاللاھقا بولغان مەسئۇلىيىتى ۋە بەندىنىڭ بەندىگە بولغان مەسئۇلىيىتىدىن ئىبارەت. شۇڭا، مۇسۇلمان بولغان ئىكەنمىز، كەلىمە شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە ھەج قىلىش قاتارلىق پەرز - ئىبادەتلەرنىلا قىلىپ قالماي، يەنە بەندە بىلەن بەندە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، مەسىلەن، قولۇم - قوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقىمۇ دىققەت قىلىشىمىز لازىم. قولۇم - قوشنا مۇناسىۋىتى كەڭ مەنىدە ئەتراپىتىكى قوشنىلار، خىزمەتداشلار قاتارلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ياكى ئېتىقادى بار - يوقلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا بەلگىلەپ بەرگەن كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى مەسئۇلىيەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم. ئۇنداقتا، قوشنىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا قانداق پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك؟

## 1. ئىناق قوشنىدارچىلىق قىلىش مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم:

[عن أبى هريرة رضى الله عنه أن النبى صلى الله عليه و سلم قال : " و الله لا يؤمن، و الله لا يؤمن، و الله لا يؤمن ! قيل: من يا رسول الله؟ قال: الذى لا يأمن جاره بوائقه " ](متفق عليه).

**" ' ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كامىل مۆمىن**

**بولغان بولمايدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كامىل مۆمىن بولغان بولمايدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كامىل مۆمىن بولغان بولمايدۇ**‹، دېگەندە بەزىلەر رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمدىن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! كىم كامىل مۆمىن بولغان بولمايدۇ؟› دەپ سورىغان، رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: ‹**ھەقەمسايىسى زىيان-زەخمىتىدىن ئەمىن بولمىغان ئادەم**›دەپ جاۋاب بەرگەن›› (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). روشەنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ياخشى قىلىش-قىلماسلىقنى ئىماننىڭ كامىل بولۇش-بولماسلىقى بىلەن باغلىغان، شۇڭا، قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش مۇسۇلمانلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىم ئەخلاق پەزىلىتى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر ئادەم رەسۇلۇللاھتىن: ›› ‹ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۆزەمنىڭ ياخشى ئادەم ياكى يامان ئادەم ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلىمەن؟› دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ:

[عن ابن مسعود رضى الله عنه قال: قال رجل للنبى صلى الله عليه و سلم : يا رسول الله! كيف لى أن أعلم إذا أحسنت أو إذا أسأت؟ فقال رسول الله صلى الله عليه و سلم: " إذا سمعت جيرانك يقولون: قد أحسنت فقد أحسنت. و إذا سمعتهم يقولون: قد أسأت فقد أسأت " ](رواه ابن ماجة ).

**‹قوشنىلىرىڭ سېنى ياخشى ئادەم دەپ تىلغا ئالسا، ياخشى ئادەم بولغان بولىسەن، ئۇلار سېنى ئەسكى ئادەم دەپ تىلغا ئالسا، ئەسكى ئادەم بولغان بولىسەن**››› دېدى(ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

مۇسۇلمان بەندىنىڭ قوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىشى ئىماننى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجىدۇر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر ساھابە رەسۇلۇللاھتىن:

[عن أبى هريرة رضى الله عنه قال: قال رجل: يا رسول الله إن فلانة تكثر من صلاتها و صدقتها و صيامها غير أنها توذى جيرانها بلسانها. قال: " هى فى النار ". قال: يا رسول الله! فإن فلانة تذكر من قلة صيامها و صلاتها و أنها تتصدق بالأثوار من الأقط و لا تؤذى جيرانها. قال رسول الله صلى الله عليه و سلم: " هي فى الجنة " ](رواه أحمد).

›› ‹ئى رەسۇلۇللاھ! پالانى ئايال كۆپ نەفلى ناماز ئوقۇش، سەدىقە بېرىش ۋە نەفلى روزا تۇتۇش بىلەن داڭق چىقارغان، لېكىن ئۇ ھەمىشە قوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ›، دېدى. رەسۇلۇللاھ: ‹ئۇ دوزاختا تاشلىنىدۇ› دېدى. ئۇ يەنە: ‹ ئى رەسۇلۇللاھ! پالانى ئايال نەفلى نامازنى ئاز ئوقۇش، نەفلى روزىنى كۆپ تۇتماسلىق بىلەن تونۇلغان، لېكىن ئۇ ھەمىشە ئاز مىقداردا بولسىمۇ سۈزمە-قۇرۇت سەدىقە قىلىپ تۇراتتى، ھەمدە قوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزمەيتتى ‹. دېدى. رەسۇلۇللاھ: ‹ئۇ جەننەتكە داخىل بولىدۇ › ›› دېدى( ئەھمەد رىۋايەت قىلغان). ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن عقبة بن عامر رضى الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه و سلم : " أول خصمين يوم القيامة جاران " ](رواه أحمد).

‹‹**قىيامەت كۈنىسى تۇنجى بولۇپ داۋا سورىلىدىغان ئىككى ئادەم ئىككى ھەقەمسايىدۇر**›› (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان). دېمەك، ئۆزئارا ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى جەمئىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. شۇنداقلا، ھەر بىر مۇسۇلمانغا قويۇلغان ئاساسلىق ساپا تەلىپىدىن ئىبارەت.

## 2. ئىناق قوشنىدارچىلىقتا ئۆزئارا ھۆرمەت بولۇش لازىم

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇسۇلمان ئاياللارغا مۇنداق دېگەن:

[عن أبى هريرة رضى الله عنه أن النبى صلى الله عليه و سلم قال : " يا نساء المسلمات! لا تحقرن جارة لجارتها و لو فرسن شاة " ](رواه البخارى).

‹‹**ئى مۇسۇلمان ئاياللار! ھەقەمسايە ئايال ھەقەمسايىسى ئۈچۈن قويىنىڭ شېرىقى چاغلىق نەرسىسى بولسىمۇ تۆۋەن كۆرمىسۇن**›› (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). قوشنىدارچىلىق بىر خىل ئىلاھىي تەقدىر، مەيلى قوشنىنىڭ شەخسىي ئەھۋالى، ئائىلە ئارقا كۆرۈنۈشى قانداق بولمىسۇن، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىششىمىز لازىم. قۇرئان كەرىمدە ئېيتىلىدۇكى:

يا أيها الذين آمنوا لا يسخر قوم من قوم عسى أن

يكونوا خيرا منهم و لا نساء من نساء عسى أن يكن خيرا منهن و لا تلمزوا أنفسكم و لا تنابزوا بالألقاب بئس الاسم الفسوق بعد الإيمان و من لم يتب فأولئك هم الظالمون .

**ئى مۆمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى ) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر-بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۆمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (مۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر.**

——سۈرە «ھۇجۇرات» (49-سۈرە)، 11-ئايەت

قوشنىلار ئارا ئىش بېجىرگەندە شەخسىي غەرەز بولماسلىقى لازىم، سۆزنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا قىلىنىشى ئۆزئارا ھۆرمەت-ئېھتىرامنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن ابن مسعود رضى الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه و سلم قال: " إذا كنتم ثلاثة فلا يتناجى اثنان دون الآخر حتى تختلطوا بالناس من أجل أن ذلك يحزنه " ]( متفق عليه ).

**"ئەگەر ئۈچ ئادەم بىر يەردە بولساڭلار، ئىككىڭلار پىچىرلىشىپ ئۈچىنچى ئادەمنى يالغۇز قويماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار ئۇنى غەمگە سېلىپ قويىسىلەر، ئەمما جامائەت بولۇپ تۇرغۇنىڭلاردىكى ئەھۋاللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا" (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).**

قوشنىغا تىنچ ئولتۇراق مۇھىتى بېرىش بىر خىل ھۆرمەت ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاۋازلىق جاھازلارنى ئىشلەتكەندە، ئاۋازنى نورمال قويۇپ، قوشنىنىڭ ئارام ئېلىشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك؛ قوشنىلارغا ئورتاق ئاممىۋى سورۇننى ئورتاق ئاسراش، تازىلىققا رىئايە قىلىش، ئەخلەتنى قالايمىقان تاشلىماسلىق قاتارلىقلار، يەنى "كىشىگە قولايلىق، ئۆزگە قولايلىق" دېگەننى ئەمەلدە كۆرسىتىش بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

قوشنىلار بىلەن ئۇزاق بىرگە ئۆتۈش جەريانىدا، ئۇنداق-مۇنداق سۈركۈلۈشلەر ياكى ئوقۇشماسلىقلار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئۆزئارا ياردەمدە بولۇش مەۋقەسىدە بولۇپ، بىر-بىرىگە يول قويۇشنى تەشەببۇس قىلىش، دوستلۇق روھىنى جارىي قىلدۇرۇش، ئىسلام دىنىنىڭ قوشنىدارچىلىق قارىشىغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق، قوشنىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. مەسىلەن، قوشنىلار ئۇچراشقاندا ئۆزلىكىدىن سالام بېرىش، بىر-بىرىنى يوقلاپ تۇرۇش، قوشنىسى ئاغرىپ قالغاندا يوقلاپ قويۇش، ئېغىرچىلىققا يولۇققاندا تەسەللىي قىلىش ۋە ياردەمدە بولۇش... كېرەك. ئەرزىمەس ئىشلارنى دەپ كۆڭلىدە كىر ساقلاپ يۈرۈشتىن، قوشنا بىلەن ئاداۋەت ساقلاشتىن چوقۇم ھەزەر ئەيلىشىمىز لازىم.

## 3. ئىناق قوشنىدارچىلىقتا قوشنىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن أبى هريرة رضى الله عنه عن النبى صلى الله عليه و سلم قال:" من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فلا يؤذى جاره، و من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فليكرم ضيفه، و من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فليقل خيرا او ليسكت "](رواه مسلم).

**"كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن قوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزمىسۇن. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن مېھمىنىنى ھۆرمەت قىلسۇن. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش دېگەندە قوشنىغا ئەزىيەت يەتكۈزگەن ھېچقانداق ھەرىكەتتە بولماسلىق، يەنى "ئۆزى بىلەنلا بولۇپ، باشقىلار بىلەن كارى بولماسلىق" تەك مۇناسىۋەتتە بولماسلىق، ئۆزىنىڭ

مەنپەئەتىنى دەپ قوشنىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان كەلتۈرمەسلىك تەلەپ قىلىنىدۇ.

قوشنىلار ئارىسىدا ئورتاق مەنپەئەت كۆزدە تۇتۇلۇشى لازىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن أبي هريرة رضى الله عنه أن النبى صلى الله عليه و سلم قال : " لا يمنع جار جاره أن يغرز خشبة فى جداره " ](رواه البخارى).

"كىشى ئۆزىنىڭ تېمىغا قوشنىسىنىڭ ياغاچ قويۇۋېلىشىنى توسمىسۇن" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). شۇنداقلا، قوشنىلار ئورتاق قوللىنىدىغان يول توسالغۇسىز ھالەتتە تۇرۇشى، ئۇنى خالىغانچە ئىگىلىۋالماسلىق، ئەخلەتنى قوشنىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تاشلىماسلىق، قوشنىنىڭ مال-مۈلكىنىڭ كويىدا بولماسلىق، ھەسەتخورلۇق قىلماسلىق... لازىم.

قوشنىلار ئارىسىدا مېھرى-مۇھەببەت بولۇشى كېرەك. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن عبد الله بن عمر رضى الله عنهما قال: قال رسول الله صلى الله عليه و سلم: " خير الأصحاب عند الله تعالى خيرهم لصاحبه، و خير الجيران عند الله تعالى خيرهم لجاره "](رواه الترمذى).

" ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ياخشى ھەمراھ، ئۇلاردىن ئۆز ھەمراھىغا كۆپ ياخشىلىق قىلغۇچىدۇر، ئەڭ ياخشى قوشنا، ئۇلاردىن ئۆز قوشنىسىغا كۆپ ياخشىلىق قىلغۇچىدۇر" (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى. ئۇ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ:

[عن أنس بن مالك رضى الله عنهما قال سمعت رسول الله صلى الله عليه و سلم يقول : " ما آمن بى من بات شبعانا و جاره جائع إلى جنبه و هو يعلم " ](رواه الطبرانى).

"يېنىدىكى قوشنىسىنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى توق ھالدا كېچە ئۆتكۈزگەن كىشى كامىل مۆمىن بولغان بولمايدۇ "دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ (تەبرانى رىۋايەت قىلغان).

قوشنىلار بىر-بىرىگە مېھىر-مۇھەببەتلىك، خۇش پېئىل، ساداقەتمەن بولۇشى، بىر-بىرىگە ساختىلىق قىلماسلىقى، بىر-بىرىنى كەمسىتمەسلىكى، بىر-بىرىنى تەرك ئەتمەسلىكى كېرەك. ئىمكانىنىڭ بارىچە زىددىيەتنى يۇمشىتىشى، ئارىدا ھەق-ناھەق پەيدا قىلماسلىقى لازىم. مانا بۇ قوشنىدارچىلىق بولىدۇ.

### 4. ئىناق قوشنىدارچىلىقتا بىر-بىرى بىلەن ئەدەب-قائىدىلىق باردى-كەلدى قىلىش كېرەك

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە: ئى رەسۇلۇللاھ! ھەقىقەتەن مېنىڭ ئىككى قوشنام بار. ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىغا ھەدىيە قىلىمەن؟ دېگەن ئىدىم.. رەسۇلۇللاھ:

[عن عائشة رضى الله عنها قالت: قلت يا رسول الله إن لى جارين فإلى أيهما أهدى؟ قال: " إلى أقربهما منك بابا " ](رواه البخارى).

"سېنىڭ ئىشىكىڭگە ئەڭ يېقىنراقىغا ھەدىيە قىلغىن" دېدى دەيدۇ (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ماڭا:

[عن أبى ذر رضى الله عنه قال: قال لى رسول الله صلى الله عليه و سلم : " إذا طبخت مرقة فأكثر ماءها و تعاهد جيرانك " ](رواه مسلم).

"ھەي ئەبۇ زەر! ئەگەر سەن شورپا قايناتساڭ، ئۇنىڭ سۈيىنى كۆپەيتىپ قىل ۋە قوشنىلىرىڭغا يەتكۈزگىن" دېگەن دەيدۇ (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بۇ يەردە قوشنىنىڭمۇ بەلگىلىك ھەققى بولىدىغانلىقى. يەنى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتتە مەجبۇرىيەتنىڭ بولىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

بىز قوشنىلار بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىمىز. ئەگەر بىز كىشىلەرگە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەرسەك. ئۆزىمىزگىمۇ قولايلىق ئېلىپ كەلگەن بولىمىز. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن عبد الله بن عمر رضى الله عنهما قال: قال رسول الله صلى الله عليه و سلم: " خير الأصحاب عند الله تعالى خيرهم لصاحبه، و خير الجيران عند الله تعالى خيرهم لجاره

"](رواه الترمذى).

"ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ياخشى ھەمراھ، ئۇلاردىن ئۆز ھەمراھىغا كۆپ ياخشىلىق قىلغۇچىدۇر، ئەڭ ياخشى قوشنا، ئۇلاردىن ئۆز قوشنىسىغا كۆپ ياخشىلىق قىلغۇچىدۇر" (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ياخشىلىق، روھى جەھەتتە بىر-بىرىگە تەسەللى قىلىش. بىر بىرىنى قوللاشنى، شۇنداقلا. ماددىي جەھەتتە بىر-بىرىگە ياردەم قىلىشنى ۋە بىر بىرىگە يار-يۆلەكتە بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 5. ئىناق قوشنىدارچىلىق ئۆزئارا ياردەم، ئۆزئارا ھەمكارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ

كىشىگە ياردەم قىلىشنى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى دەپ بىلىش ئىسلام دىنى تەرغىپ قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاقدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن أبى هريرة رضى الله عنه أن النبى صلى الله عليه و سلم قال : " من نفس عن مؤمن كربة من كرب الدنيا نفس الله عنه كربة من كرب يوم القيامة، و من يسر على معسر يسر الله عليه فى الدنيا و الآخرة، و من ستر مسلما ستره الله فى الدنيا و الآخرة، و الله فى عون العبد ما كان العبد فى عون أخيه "] (رواه مسلم).

"كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ دۇنيادىكى غەم-ئەندىشىلىرىدىن بىرىنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈندىكى غەم-ئەندىشىلىرىدىن بىرىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ: كىمكى قىيىنچىلىقتا قالغان بىر مۇسۇلمانغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ: كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپىدىكەن، ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇ كىشىنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ، بەندە قېرىندىشىغا يار-يۆلەكتە بولسىلا، ئاللاھ بەندىگە يار-يۆلەكتە بولىدۇ" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بىز مۇسۇلمانلار ھەرقانداق قوشنا ئالدىدا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى ئۈستىمىزگە ئالغان ئىكەنمىز، قوشنىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىمۇ مەزكۇر ھادىسنىڭ روھى بىلەن بىر تەردىپ قىلىشىمىز كېرەك.

جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەرقانداق كىشى بىر-بىرىگە موھتاج، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى تېخىمۇ شۇنداق. بىز مۇسۇلمانلارغا ناۋادا جەمئىيەت ۋە باشقىلارنىڭ ياردىمى بولماي قالسا، ئۆزىمىز تېزلا قىيىنچىلىقتا قالىمىز؛ جەمئىيەت ۋە باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇشىمىز ئۈچۈن، ئالدى بىلەن باشقىلارغا ياردەمدە بولۇشىمىز. باشقىلارغا ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن، بۇ ياردەمنى ئالدى بىلەن قوشنىدىن باشلىشىمىز لازىم. مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن قوشنا بولۇپ قالغاندىمۇ. ئۆزئارا ياردەم، ئۆزئارا ھەمكارلىق مەسىلىسى مەۋجۇت. ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، ئۇلار بىلەن ئۆزئارا ياردەم، ئۆزئارا ھەمكارلىقتا بولۇشمۇ بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز. ھەممە كىشى ئۆزئارا ياردەمدە بولغاندىلا. جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

قوشنىلار ئارا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ياردەم ۋە ھەمكارلىقتا بولۇشتا، قايسى ئائىلە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسە، ئۇنىڭغا ياردەم قولىمىزنى سۇنۇشىمىز لازىم. ناۋادا ئۆزئارا زىددىيەت يۈز بېرىپ قالسا. قائىدە سۆزلەپ قايىل قىلىشىمىز لازىم. ئادەتتە ئۆزىمىزگە تەلەپنى چىڭ قويۇپ، باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇشىمىز، قوشنىنىڭ سەۋەنلىكلىرىگە كەڭچىلىك قىلىشىمىز لازىم.

## 6. ئىناق قوشنىدارچىلىق كۆڭلى-كۆكسى كەڭ بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ

كۆڭلى-كۆكسى كەڭ ئادەم باشقىلار ۋە قوشنىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە يۇقىرى ساپانى نامايان قىلالايدۇ. ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويالايدۇ، باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە كەڭ قورساق بولالايدۇ. كۆڭلى-كۆكسى تار ئادەم، دائىم باشقىلارغا يامان نەزەر بىلەن قارايدۇ، ئازغىنا پايدا-زىيان بىلەن ھېسابلىشىپ كېتىدۇ. ئازراقمۇ زىيان تارتىشنى خالىمايدۇ.

كۆڭلى-كۆكسى كەڭ بولۇش يەنە، باشقا ئېتىقادتا بولغان كىشىلەرگە كەڭ قورساق بولۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئۆيىدە بىر قوي سويۇلغان ئىدى. ئۇ:سىلەر مېنىڭ يېنىمدىكى يەھۇدىي قوشنامغا ئازراق بەتكۈزۈپ

بەردىڭلارمۇ؟ مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ:

[ذبح فى بيت عبد الله بن عمرو رضي الله عنهما شاة فقال أهديتم لجارى اليهودى؟ فإنى سمعت رسول الله صلى الله عليه و سلم يقول : " ما زال جبريل يوصينى بالجار حتى ظننت أنه سيورثه " ](رواه أبو داود و الترمذى ).

''جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا دائىم قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى، ھەتتا مەن قوشنىنى (ماڭا) مىراسخور قىلىپ قويارمىكىن دەپ ئويلاپ قالاتتىم'' دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ (ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئەھلى جامائەت: "يېقىن قوشنا يىراق تۇغقاندىن ئارتۇق" دېگەن گەپ بار. قوشنا بىلەن قوشنا ئارىسىدا بىر خىل مەجبۇرىيەت بار. بىز تۇرمۇشتا ھەر خىل كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بولۇپ تۇرىمىز، ھەممە يەردە قوشنا بىلەن مۇئامىلىدە بولىمىز. ئائىلە ئارا، ئىدارە ئارا، رايون ئارا، دۆلەت ئارا، سەپداشلار ئارا، دوستلار ئارا، شۇنداقلا. يۇرتداشلار ئارا بولغان ئالاقىنىڭ ھەممىسى كەڭ مەنىدىكى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدۇر. بىز مۇسۇلمانلار كۆڭلى-كۆكسىمىزنى كەڭ تۇتۇپ، ۋەتىنىمىزنى بىر چوڭ ئائىلە، دۇنيانى بىر چوڭ ئائىلە دەپ قارىشىمىز، بۇ چوڭ ئائىلىدە، قوشنىلار مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى مۇسۇلمان بولمىسۇن، مەيلى ۋاقىتلىق بولسۇن ياكى ئۇزۇن مەزگىللىك بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسگە ئىسلام دىنىنىڭ قوشنىدارچىلىق قارىشى بىلەن مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارغا يول قويۇش، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش پرىنسىپى بويىچە، ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئىناق-ئىتتىپاق، راھەت-ئازادە ئىجتىمائىي چوڭ ئائىلە كەيپىياتىنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەر بىرىمىزنى ياخشى قوشنا قىلغاي، ھەممە قوشنىلار بىزنى ياخشى دەيدىغان قىلغاي. ئاللاھ تائالا ھەر بىرىمىزنى ياخشى قوشنىغا مۇيەسسەر قىلىپ، ھەممىمىزنى ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇھىتىدا ياشاشقا مۇۋەپپەق قىلغاي. ئامىن!

و آخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين.

(«يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»، ئۈچىنچى توپلامدىن)



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سودىدا راستچىل بولۇش مۇسۇلمانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەھلى جامائەت!

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇكى:

أوفوا الكيل و لا تكونوا من المخسرين. و زنوا بالقسطاس المستقيم . و لا تبخسوا الناس أشياءهم و لا تعثوا في الأرض مفسدين .

**ئۆلچەمنى تولدۇرۇپ بېرىڭلار، كەم بەرگۈچىلەردىن بولماڭلار. (نەرسىلەرنى) توغرا تارازىدا تارتىڭلار. كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى (يەنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى) كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە-پاسات تېرىماڭلار.**

——سۈرە«شۇئەرا»(26-سۈرە)، 181—183-ئايەتلەر

ئەبۇ ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن أبى خالد حكيم بن حزام رضى الله عنه قال : قال رسول الله صلى الله عليه و سلم : " البيعان بالخيار ما لم يتفرقا ، فإن صدقا و بينا بورك لهما فى بيعهما ، و إن كتما و كذبا محقت بركة بيعهما " ](متفق عليه ).

**"ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى سودىلاشقان جايدىن يۆتكىلىپ كەتمىسىلا، ئۇلارنىڭ سودىنى قىلىش ياكى سودىنى بۇزۇش ئىختىيارى بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار سودىسىدا راست گەپ قىلىشسا، (ماللىرىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى) ئېنىق بايان قىلسا ئىككىسىنىڭ سودىسىغا بەرىكەت بېرىلىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار مالنىڭ، پۇلنىڭ ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇشسا، سودا ئۈستىدە يالغان گەپ قىلىشسا، قىلغان سودىسىنىڭ بەرىكىتى ئۆچۈپ كېتىدۇ"** (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). يۇقىرىقى ئايەتى كەرىمە ۋە ھەدىس شەرىف بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئىسلام دىنى ئاكتىپ تىرىكچىلىك قىلىشنى، ئادىل ئېلىم-سېتىم قىلىش ئارقىلىق مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى تەرغىپ قىلىدۇ، بۇمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئىنتىلىشىنىڭ ئىپادىسىدۇر. دېمەككى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشى بىلەن ماددىي مەنپەئەتكە ئىنتىلىشى بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. لېكىن، ماددىي ئىنتىلىشقا يۈزلەنگەندە مۇئەييەن ئۆلچەمگە بويسۇنۇشى، ئېلىم-سېتىمدا ئادىل بولۇشى، راستچىللىق بىلەن سودا-سېتىق قىلىشى لازىم.

راستچىللىق دېگەندە كىشى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە يالغان گەپ قىلماسلىق. ساختىلىق قىلماسلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ياش چېغىدىلا كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە راستچىل، ئىشەنچلىك ئىدى، مەيلى سودا-سېتىقتا بولسۇن، ياكى جېدەل-ماجىرانى بىر تەرەپ قىلىشتا بولسۇن، ھەممىسىدە راستچىل بولۇشتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل پەزىلەتتە چىڭ تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ راستچىللىقى بىلەن شان-شۆھرەتكە مۇشەررەپ بولۇپلا قالماي، يەنە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىنى نامايەن قىلغان. شۇڭا ئۇ زات "ئەمىن" (سادىق، راستچىل) دېگەن گۈزەل ئىسىم بىلەن نامىلانغان. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە ئېيتىلىدۇكى:

و إنك لعلى خلق عظيم .

**(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن.**

——سۈرە«قەلەم»(68-سۈرە)، 4-ئايەت

ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە،

مەككىدىكى ئەبۇ سۇفيان رەسۇلۇللاھقا ئاداۋەت تۇتقان، لېكىن، رۇم پادىشاھى:"مۇھەممەد پەيغەمبەر ئادەتتە يالغان سۆز قىلامدۇ؟" دەپ سورىغاندا، ئەبۇ سۇفيان ئىككىلەنمەيلا:"بىز ئۇنىڭ يالغان گەپ قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان، ئۇ بىزنىڭ ئۇ يەردىكىلەر ئىچىدىكى ئەڭ راستچىل ئادەم" دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ ئىلگىرى گەزمال سودىسى قىلاتتى، ئۇ سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان مەزگىللىرىدە، مال كىرگۈزگەن ۋاقىتتىكى باھا بىلەن ئېرىشىشكە تېگىشلىك پايدا ئاساسىدا باھانى مۇقىملاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، باھانى قايتا ئۆستۈرۈۋەتمەيتتى. شۇڭا ئۇ "راستچىل بولۇپ، ئالدامچىلىق قىلمايدۇ. باھانى مۇۋاپىق قويىدۇ" دېگەن نام بىلەن سودا مەيدانىدا شۆھرەت قازانغان. "سودىدا راستچىل بولۇپ، ئالدامچىلىق قىلماسلىق" ئىمام ئەزەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، "باھانى مۇۋاپىق قويۇش" ئۇنىڭ ئىشنى ئادىل بېجىرىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ ھارامدىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن، ھەتتا ھالال لېكىن گۇمانلىق قارىلىدىغان نۇرغۇن پايدا ـ مەنپەئەتنى تەرك ئېتەتتى ۋە تولۇق ھالال قىلىش ئۈچۈن ھەرقانداق زىيان تارتىشقىمۇ رازى ئىدى. مەسىلەن، ئۇ باشقا يۇرتتىن 30 مىڭ دىرھەم قىممىتىدە گەزمال كەلتۈرگەن. ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدە بىر توپ رەخت سۈپەتسىز بولۇپ چىققان، ئۇنىڭ شېرىكى بولسا بۇ رەختنىڭ سۈپەتسىز تەرىپىنى سېتىۋالغۇچىغا دېمەيلا ئۇنى سېتىۋەتكەن. ئىمام ئەزەم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇ مالنى ھالال قىلىش ۋە سەۋەنلىكنى ساقىت قىلىش ئۈچۈن، بۇ مالنىڭ بارلىق پۇلىنى سەدىقە قىلىۋەتكەن. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش بىلەن پۇل تېپىش بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس، دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىلا ئالەمگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ھەقىقىي كۆرسىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ "راستچىل بولۇش، ئالدامچىلىق قىلماسلىق. باھانى مۇۋاپىق قويۇش"، يالغان سۆزلىمەسلىك، ساختىلىق قىلماسلىقتەك سودا مىزانى سودىگەرلىرىمىزنىڭ ئۈلگە قىلىشىغا ئەرزىيدۇ. ئۇنداقتا، ھازىرقى جەمئىيەتتە، سودىدا راستچىل بولۇشنى قانداق بەجا كەلتۈرۈشىمىز لازىم؟

## 1. سودىدا راستچىل بولۇشتا، ئالدى بىلەن ئېلىم ـ سېتىمدا قائىدىلىك بولۇش كېرەك

ھەرخىل سودا ـ سېتىقنى قائىدىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىش راستچىللىق بىلەن سودا قىلىشنىڭ ئۇسۇلىدۇر. مۇسۇلمانلار سودا ـ تىجارەت قىلغاندا دۆلەت قانۇنىغا بويسۇنۇپلا قالماي، يەنە ئىسلام دىنىنىڭ سودا ـ تىجارەت ئەخلاقىغىمۇ ئەمەل قىلىشى كېرەك. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمدىن:

[عن ابن عمر رضى الله عنهما قال: سئل رسول الله صلى الله عليه و سلم أي الكسب أفضل ؟ قال: " عمل الرجل بيده و كل بيع مبرور " ](رواه الطبراني).

"قايسى مېھنەت ئەڭ ئەۋزەل؟" دەپ سورالغاندا. ئۇ زات: **"كىشىنىڭ ئۆز قولى بىلەن قىلغان ئەمگىكى ۋە ھەر بىر توغرا رەۋىشتە قىلىنغان سودا"** دەپ جاۋاب بەرگەن(تەبرانى رىۋايەت قىلغان). جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولغان ھەم ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سودا ـ سېتىقنىڭ ھەممىسى ھالالدۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىجتىمائىي ھاياتقا تەسىر يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەت ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سودا ـ سېتىقنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر. ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ، ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئەتگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق تىرىكچىلىك ئۇسۇلىنى ئەيىبلەيدۇ ۋە بۇ خىل قىلمىشلارنى "ھارام" دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنى بۇ ئىككى شەرت ئاساسىدا مۇسۇلمانلاردىن سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا ھەم ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىشنى، ھەم قانۇن ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كېلىشنى، ئىككىلىسىگە تەڭ ئېتىبار بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

قائىدىگە ئۇيغۇن سودا ـ سېتىق ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىختىيارلىقى بويىچە. بىر ـ بىرىگە مەنپەئەت ۋە پايدا يەتكۈزۈش ئاساسىدا بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلۇق سودا ـ سېتىق توغرىسىدىكى ئاساسلىق بەلگىلىمىسى: " ئىجاب " ( ماقۇللۇقنى ئېلىش) بىلەن "قوبۇل"(قوبۇل قىلىش )تىن ئىبارەت. يەنى

سېتىۋالغۇچىنىڭ ماقۇللۇقى، ساتقۇچىنىڭ قوبۇل قىلغانلىقى ئاساسىدىلا قانۇنلۇق سودا ـ سېتىق شەكىللىنىدۇ. ئەگەر بىر تەرەپنىڭ تەلىپى بولۇپ، قارشى تەرەپنىڭ قوبۇل قىلغانلىقى ھاسىل بولمىسا، زورلۇق بىلەن سودىلىشىش كېلىپ چىقىدۇ ـ دە، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ سودا ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

## 2. سودىدا قائىدە ـ يوسۇنغا ئەمەل قىلىش راستچىللىقنىڭ ئىپادىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[قال رسول الله صلى الله عليه و سلم: " المسلمون على شروطهم " ](رواه أبو داود ).

"مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى كېلىشكەن شەرتلەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەك" ( ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان). بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان "شەرت" ھەر خىل ئۆلچەمدىن ئىبارەت. بۇ ھەدىس شەرىف شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بىز مۇسۇلمانلار ھەر خىل ئۆلچەم ـ بەلگىلىمىلەرنىڭ چەكلىمىسىدە بولىمىز. شۇڭا، ھەرخىل قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىر مۆمىن مۇسۇلمان قانۇن بويىچە سودا ـ سېتىق قىلسا، ئۆزىنى ناھايىتى ئازادە ھېس قىلىدۇ ـ دە، قانۇننىڭ بارلىقىنى سېزەلمەي قالىدۇ، ئەمما ئەگەر ئۇ قانۇنسىز سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانسا، قانۇننىڭ ھەممىلا جايدا مەۋجۇتلۇقىنى، تەرەپ ـ تەرەپتىن چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. مۇسۇلمان بەندە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا شۇغۇللىنىۋاتقان ھەرقانداق خىزمەت ئىككى ياقلىملىقتا، يەنى "ئەخلاق ـ پەزىلەت" بىلەن "ئاللاھقا ئىخلاسمەن بولۇش"تىن ئىبارەت ئىككى ياقلىمغا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان "قائىدىلىك" سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، ئۇ، بۇ ھالال سودا ـ تىجارەتتىن ھەم پايدىغا ئېرىشىدۇ، ھەم ئاللاھقا ئىتائەتمەن بولغانلىقىدىن ساۋاب ئالىدۇ، ھاياتىي دۇنيا مەئىشىتىدە خاتىرجەملىككە، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا مۇشەررەپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر بىر ئادەم قائىدىگە مۇخالىپ سودا ـ تىجارەتنى قىلسا، ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپلا قالماي، يەنە قانۇنسىز سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىدىن ئاللاھقا ناشۈكۈرلۈك قىلغان ھېسابلىنىدۇ ـ دە، ھاياتىي دۇنيادا دەككە ـ دۈككىدە ياشايدۇ، ئاخىرەتتە ئاللاھقا ئىتائەتمەن بولمىغانلىقى بىلەن جازاغا تارتىلىدۇ.

## 3. سودىدا راستچىل بولۇشتا، ئېلىم ـ سېتىمدا ئادىل بولۇش، يالغان سۆزلىمەسلىك، ئالدامچىلىق قىلماسلىق كېرەك

ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، بىز سودا قىلىۋاتقاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ھەمىشە ئالدىمىزدا پەيدا بولاتتى، ئۇ زات:

[واثلة بن الأسقع رضي الله عنه قال: كان رسول الله يخرج إلينا — و كنا تجارا — و كان يقول : " يا معشر التجار، إياكم و الكذب " ](رواه الطبرانى).

"ئى سودىگەرلەر جامائەسى! سودا ئۈستىدە يالغان گەپ قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار" دېگەن دەيدۇ (تەبرانى رىۋايەت قىلغان). رەسۇلۇللاھ سودا ئۈستىدە ئالدامچىلىق قىلىش قىلمىشىنى ناھايىتى يامان كۆرەتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى، رەسۇلۇللاھ بىر قېتىم ئاشلىق سېتىۋاتقان ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇ ئاشلىققا قىزىقىپ قېلىپ قولىنى ئاشلىقنىڭ ئىچىگە سېلىپ باقتى، ئاندىن نەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى، ئاندىن:"ئى ئاشلىق ئىگىسى! نېمە ئىش بۇ؟" دېۋىدى، ئۇ ئادەم:"ئۇ ئاشلىققا يامغۇر چۈشۈپ قېلىپتىكەن" دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم:

[عن أبى هريرة رضى الله عنه قال: مر رسول الله صلى الله عليه و سلم برجل يبيع طعاما فأعجبه، فأدخل يده فيه، فرأى بللا، فقال ما هذا يا صاحب الطعام؟ قال: أصابته السماء، فقال صلى الله عليه و سلم: " فهلا جعلته فوق الطعام حتى يراه الناس؟ من غشنا فليس منا " ](رواه مسلم).

"ئۇ ھۆل بولۇپ قالغان ئاشلىقنى ئۈستىگە قويۇپ قويساڭچۇ؟ كىشىلەر كۆرگەن بولسا. كىمكى بىزنى ئالدايدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس" دېدى( مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). يۇقىرىقى ھەدىس شەرىفلەر بىزگە شۇنى بىلدۈرىدۇكى، سودا ـ سېتىق قىلغاندا كىشىنى

ئالداش ياكى كۆز بوياماچىلىق يولى بىلەن ياخشىچاق بولۇۋېلىشنىڭ ھەممىسى ئادىل بولمىغان ئېلىم ـ سېتىم قىلمىشلىرىدۇر، شۇنداقلا، ئىمانى بار ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەستۇر.

مۇسۇلمان بەندىنىڭ ئېلىم ـ سېتىمدا ئادىل بولۇشى گۈزەل ئەخلاق جۈملىسىگە كىرىدۇ ۋە پەرز ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم سودا ـ سېتىقتا ئادىل بولمىغانلارنى ئەيىبلەيدۇ:

ويل للمطففين . الذين إذا اكتالوا على الناس يستوفون . و إذا كالوهم أو وزنوهم يخسرون ألا يظن أولائك أنهم مبعوثون.

**(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟**

—— سۈرە «مۇتەففىفىن» (83 ـ سۈرە)، 1 ـــ 5 ـ ئايەتلەر

شۇڭا، ئىسلام دىنىمىز مۇسۇلمان بەندىنىڭ سودا ـ سېتىقتا، ئۆلچەم ۋە تارازىدا ئادىل بولماسلىقىنى، ئالدامچىلىق قىلىشنى چەكلەيدۇ.

مۇسۇلمان بەندە سودا ـ سېتىقتا ھەرگىزمۇ ئالدامچىلىق قىلماسلىقى، شۇنداقلا، مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرماسلىقى لازىم. قۇرئان كەرىمدە ئېيتىلىدۇكى:

و لا تأكلوا أموالكم بينكم بالباطل .

**بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار.**

—— سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 188 ـ ئايەت

ئۇندىن باشقا، مېلىنى سېتىۋېلىش غەرىزىدە يالغان قەسەم ئىچىشمۇ ئالدامچىلىق قىلمىشى ھېسابلىنىپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ. ئەبۇ قىتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان دەيدۇ:

[عن أبى قتادة رضى الله عنه قال: سمعت رسول الله صلى الله عليه و سلم يقول: " إياكم و كثرة الحلف فى البيع فإنه ينفق ثم يمحق " ](رواه مسلم).

"سىلەر سودىدا كۆپ قەسەم ئىچىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، قەسەم ئىچىش مالنى ئاۋۇتىدۇ، ئاندىن ئۇ مال توزۇپ كېتىدۇ" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

مۇسۇلمان بولغان ئىكەنمىز، بۇنداق ئالدامچىلىق قىلمىشلاردىن چوقۇم قول ئۈزۈشىمىز لازىم.

سودىدىكى يالغان گەپ قىلىش ۋە ئالدامچىلىق قاتارلىق قىلمىشلار ئاللاھنى ئالدىيالمايدۇ. نۇرغۇن پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، جەمئىيەتتىكى يالغان مال ئىشلەش، يالغان مال سېتىش، باشقىلارنى ئالداش قاتارلىق قىلمىشلار بىر مەھەللىك پايدىغا ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن. لېكىن بۇ خىل سودا ئاشكارىلىنىپ قالسا، بۇنداق سودىنى قىلغۇچىلار سودا ـ تىجارەت سورۇنىدا شەرمەندە بولۇپلا قالماي. ئاخىرەتتە يەنە جازاغا تارتىلىدۇ. يالغان نەرسە ھامان يالغان. يالغان گەپ ھامان يالغاندۇر. بىلىۋالغىلى بولمايدىغان ئالدامچىلىق بولمايدۇ. راستچىللىق بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىش گەرچە زاھىردىن جاپالىق كۆرۈنسىمۇ. لېكىن ئۇ. پۇختا. خاتىرجەم ئېلىپ بېرىلىدۇ. پەقەت راستچىللىق بىلەن قىلىنغان سودىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالايدۇ. بەزى كىشىلەر گەرچە راستچىل سودا قىلىپ ۋاقتىنچە زىيان تارتقان تەقدىردىمۇ، ئۆز يولىدا چىڭ تۇرۇپ. دۇرۇس ئادەم بولۇپ، سەممىي ئىش قىلىدۇ. مانا بۇلار ئىسلام دىنى تەرغىب قىلىدىغان ياخشى ئادەملەر. شۇنداقلا. جەمئىيەتنىڭ مەدھىيىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدىغان ئادەملەردۇر.

## 3. سودا ـ سېتىقتا راستچىل بولۇشتا، ئۆلچەم ـ تارازىدا كەم بەرمەسلىك، ئەھدىسىنى بۇزماسلىق لازىم

قۇرئان كەرىمدە ئېيتىلىدۇركى:

و أوفوا بالعهد إن العهد كان مسؤولا . و أوفوا الكيل إذا كلتم و زنوا بالقسطاس المستقيم ذلك خير و أحسن تأويلا .

**ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە(يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ـ قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر. سىلەر(باشقىلارغا ئاشلىق قاتارلىقلارنى) ئۆلچەپ بەرگەندە، تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا تارازىدا تارتىپ بېرىڭلار، بۇنداق قىلىش(سىلەرگە دۇنيادا) ياخشىدۇر، ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبداندۇر.**

www.uyghurkitap.com

—سۈرە«بەنى ئىسرائىل»(17-سۈرە). 34—35-ئايەتلەر

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن ابن مسعود رضى الله عنه عن النبى صلى الله عليه و سلم قال : " إن الصدق يهدى إلى البر و إن البر يهدى إلى الجنة ، و إن الرجل ليصدق حتى يكتب عند الله صديقا ، و إن الكذب يهدى إلى الفجور ، و إن الفجور يهدى إلى النار ، و إن الرجل ليكذب حتى يكتب عند الله كذابا " ](متفق عليه ).

**"راست سۆز كىشىنى ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ، ياخشىلىق كىشىنى جەننەتكە باشلايدۇ، كىشى ھەقىقەتەن راست سۆزلەۋەرسە، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا راستچىللار قاتارىغا ئۆتىدۇ. يالغانچىلىق كىشىنى گۇناھقا يېتەكلەيدۇ، گۇناھ كىشىنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ، كىشى ھەقىقەتەن يالغان سۆزلەۋەرسە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاززاپ دەپ يېزىلىدۇ"** (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

سودا سېتىقتا توختامغا قاتتىق ئەمەل قىلىش سەممىيلىكنىڭ ئىپادىسى. شۇنداقلا، مۇسۇلمان بەندە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاق. توختام بىر تۈرلۈك ئەھدە بولغاچقا، ئۇنى خالىغانچە بۇزۇشقا بولمايدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن أبى هريرة رضى الله عنه قال قال رسول الله صلى الله عليه و سلم : " آية المنافق ثلاث: إذا حدث كذب و إذا وعد أخلف و إذا ائتمن خان "](رواه مسلم).

**"مۇناپىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

مەسىلەن. مالنى سېتىۋالغۇچى مالنىڭ سۈپىتىدە مەسىلە بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ توختام تۈزۈشكەن بولسا، توختام بويىچە ئىش تۇتۇشى، يېنىۋالماسلىقى كېرەك. ئەگەر مالنىڭ سۈپىتىدە مەسىلە بارلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ توختام تۈزۈشكەن بولسا. توختام كۈچكە ئىگە بولىۋېرىدۇ. لېكىن ئىككى تەرەپ ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىشىپ، تولۇقلىما تۆلەم بېرىش بەرمەسلىك توغرىسىدا مەسلىھەتلەشسە بولىدۇ.

ئەھدىگە ئەمەل قىلىش. لەۋزىدە تۇرۇش راستچىللىقنىڭ ئىپادىسى، سودا-تىجارەتتىكى گۈزەل ئەخلاق. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇركى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن:

[عن أنس رضى الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه و سلم : " لا إيمان لمن لا أمانة له و لا دين لمن لا عهد له " ](رواه البيهقى ).

**"ئامانەتكە خىيانەت قىلغۇچىدا ئىمان يوق، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ئادەمدە دىيانەت يوق"**(بەيھەقى رىۋايەت قىلغان). ئەگەر ساتقۇچى تەرەپ مالنى توختام بويىچە ئۆز ۋاقتىدا تەمىنلىيەلمىسە، ياكى يۆتكەش جەريانىدا بۇزۇلۇپ قويسا. چوقۇم تۆلەم بېرىشى لازىم. كىشىگە ئامانەتكە قويغان مال ئەگەر بۇزۇلۇپ قالسا، ياكى ئامانەتنى ساقلىغۇچى ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا، ئامانەتنى ھاۋالە قىلغۇچىمۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

ھازىر. بىر قىسىم كىشىلەر پۇل تېپىش غەرىزىدە بولۇپ، سودا ئەخلاقىنى نەزەردە تۇتمايۋاتىدۇ. لەۋزىدە تۇرمايۋاتىدۇ، ئىسلام دىنىمىزنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە پەرۋا قىلمايۋاتىدۇ. ئەگەر بىز سودا-سېتىقتا راستچىل بولماي، لەۋزىمىزدە تۇرماي، ئالدامچىلىق، كۆز بويامچىلىق قىلىپ، يالغان، ساختا، ناچار، سۈپەتسىز ماللارنى بازارغا سالساق، بۇ قىلمىشلارنى يەڭگىلرەك قىلغانلىرىمىز سودا-تىجارەت سورۇنىدا ئورۇن ئىگەللىيەلمەيمىز، ئېغىرراق قىلغانلىرىمىز قانۇنغا مۇخالىپ ئىش قىلغان بولۇپ، جازاغا تارتىلىمىز. چۈنكى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا مەنئى قىلغان قىلمىشلار بولۇپ، بۇنداق قىلىش ئىماننىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنىڭ ئىپادىسى، شۇڭا بۇنداق قىلغانلار ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ جازاسىغا تارتىلىدۇ. بۇنداق قىلمىشلار "باشقىلارغا. ئۆزىگە ۋە جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان" قىلمىشلار ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلمان بەندىنىڭ مال-بايلىققا قانۇنلۇق يول بىلەن ئىگە بولۇشىنى، قانۇنلۇق سودا-سېتىق قىلىش، ھالال ئەمگەكى ئارقىلىق قانۇنلۇق بايلىققا ئېرىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئېيتىلىدۇكى:

و ترى كثيرا منهم يسارعون فى الإثم و العدوان و أكلهم السحت لبئس ما كانوا يعملون.

**ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇناھقا، زۇلۇم سېلىشقا ۋە ھارام يېيىشكە ئالدىرايدىغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!**

——سۈرە «مائىدە»(5-سۈرە)، 62-ئايەت

شۇڭا، سودا-سېتىقتىكى ئالدامچىلىق، پارىخورلۇق قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسى ھارام ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر سودا سەممىيلىك بىلەن قىلىنماي، بىرى-بىرىنى ئالداش بىلەن قىلىنسا، ئاخىرىدا ئىككىلا تەرەپكە ئېغىر زىيان يېتىپ، ھەم جەمئىيەت مەنپەئەتىگە ئېرىشكىلى ھەم ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ.



ئەھلى جامائەت: ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ سودا-تىجارەت قىلىشىنى تەرغىب قىلىدۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سودا-تىجارەت توغرىسىدا بىرمۇنچە بەلگىلىمىلەرنىمۇ بېكىتىپ. بىز مۇسۇلمانلاردىن ئىسلام دىنىنىڭ سودا-تىجارەت ئەخلاقىغا ئەمەل قىلىشنى، ئەخلاق ئۆلچىمىنى ئىگەللەشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ مال-بايلىققا ئېرىشىشى، سودا-تىجارەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىدا، ئۇلارنىڭ ئىمان ئەقىدىسى بىلەن ھەقلىق ئېرىشكەن پايدىسى بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ، بۇ يەردىكى مەسىلە پەقەت ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك قائىدىگە ئەمەل قىلغان-قىلمىغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ سودا-تىجارەت قائىدىسىگە ئەمەل قىلغان-قىلمىغانلىقى مەسىلىسىدۇر.

ئەھلى جامائەت: سودا-سېتىقتا ئالدامچىلىق قىلىدىغانلار، يالغان مال ئىشلەپ، يالغان مال ساتىدىغانلار، دۆلەتنى، خەلقنى ئالدايدىغانلار زۇلۇم قىلغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلىپلا قالماي، ئاخىرەتتە يەنە يامان ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ. سودا-سېتىقتا راستچىل بولۇپ، لەۋزىدە تۇرىدىغانلار بولسا مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا مول مەنپەئەتكە، ئاخىرەتتە ياخشى مۇكاپاتقا مۇشەررەپ بولىدۇ.

ئى پەرۋەردىگار! سودىگەر مۇسۇلمانلارنى راستچىل سودا-تىجارەتچىلەردىن، ھاياتىي دۇنيادا مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغان، ئاخىرەتتە مۇكاپاتقا مۇشەررەپ بولىدىغان، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئىگە بولىدىغانلاردىن قىلغايسەن. ئامىن!

و آخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين.

(«يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»، ئۆچىنچى توپلامدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئائىلە ۋە ئاتا-ئانا، پەرزەنتلەرنىڭ هوقۇق-مەجبۇرىيەتلىرى

ياقۇپ ھەمدۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

نىكاھلىنىش ئائىلە قۇرۇشنىڭ بىرىنچى شەرتى. ئادەم ئاتىمىز بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن نىكاھلىنىپ، بىر ئائىلە نەمۇنىسىنى ياراتقان. شۇڭا نىكاھلىنىش ئاللاھنىڭ ئەمرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتى. ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولغان قۇرئان كەرىمدە:

**ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار.**

——سۈرە«نۇر»(24 - سۈرە)، 32 - ئايەت

دەپ ئەمر قىلسا، ئاگاھلاندۇرغۇچى رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ”**ئى ياشلار جامائەسى، سىلەردىن توي قىلىشقا قادىر بولالىغانلار توي قىلسۇن، توي قىلىش كۆزنى ۋە جىنسى ئەزانى ھارامدىن ساقلاپ قالىدۇ، نىكاھ مېنىڭ سۈننىتىم، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس**“(بۇخارى رىۋايىتى) دەپ قىزغىن چاقىرىق قىلغان.

ئائىلە ئەر - ئايال ئىككى جىنسنىڭ قانۇنلۇق ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىدىن مەۋجۇت بولىدۇ. ئائىلە ئەر - ئايالنىڭ مۇھەببىتى، رازىلىقى بىلەن مەڭگۈلۈك جورا بولۇش، بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ ئەۋلاد قالدۇرۇش مەقسىتىدە تۈغقاندارچىلىقنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. ئائىلە بولغان ئىكەن ئەر - خوتۇنلارنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرى بولىدۇ. مۇقەددەس دەستۇرىمىز قۇرئان كەرىمدىكى:

**ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللىرىنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك).**

—— سۈرە«بەقەرە»(2 - سۈرە)، 228 - ئايەت)

دېگەن ئايەتى كەرىمدە ئەر - ئاياللارنىڭ ئوخشاشلا ھوقۇقى ھەم مەجبۇرىيىتى بولىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ئىسلام دىنى ئائىلىدە ئەر - ئاياللارنى تەڭ - باراۋەر، ئىجىل - ئىناق بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرىنى بىرلىكتە ئادا قىلىشقا، بۇ دۇنيادا بەختلىك، ئۇ دۇنيادا سائادەتمەن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا ئۈندەيدۇ. لېكىن، قىسمەن ئەرلىرىمىز نادانلىق، قالاقلىق، خۇراپاتلىق، جاھىللىق، قاباھەت تۇمانلىرى ئىچىدە قايمۇقۇپ قېلىپ يا دۆلەت قانۇنى، يا شەرئى بىلىملەردىن ئۆگەنمەي، ساۋاتسىز قېلىپ، ئىمان - ئېتىقادى سۇسلىشىپ، ”ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار“ دېگەن يامان ئادەتتىن ھازىرغىچە قۇتۇلالمىدى. بىر قىسىم نادان ئەرلەر ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، جىسمانىي ھوقۇقى، ئىززەت - غۇرۇرىنى پايمال قىلىپ كەلمەكتە. ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئاياللار قىلىپ، شۇنچە ئالدىراپ ھېرىپ كېتىۋاتسىمۇ مىت قىلماي ئولتۇرۇپ، ئاياللارغا يەنە تۇگلۇق قىلىدۇ. ئائىلىدە زوراۋانلىق قىلىپ، ئايالنى ھاقارەتلەپ، دۇمبالايدۇ. ئايالى قىز تۇغسا، تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ئايالىغا قارىمايدۇ، قىزلىرىنى ياخشى ئوقۇتمايدۇ. ”قىز بالا تالانىڭ ئادىمى، ئوقۇپ نېمە قىلىدۇ“ دەپ مەكتەپتىن قايتۇرۇپ كېلىپ، يېشىغا يەتمەيلا زورلۇق بىلەن بىرىگە نىكاھلىتىپ بېرىۋېتىدۇ.

ئاللاھ تائالا:

**ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر.**

——سۈرە «نىسا» (4 - سۈرە)، 34 - ئايەت

**مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر - بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ.**

——سۈرە «تەۋبە» (9 - سۈرە)، 71 - ئايەت

دىدىپ تەلىم بەرگەن.

ئاللاھنىڭ مۇبارەك لەفزى ۋەھيىلىرىنى بىزگە يەتكۈزگۈچى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **”ئىمان جەھەتتە مۆمىنلەرنىڭ ياخشىراقى خۇلقى ياخشى بولغىنى ۋە ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغىنى“. ”ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئادەم... ئاياللارغا ئېتىبار بېرىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن، تەۋسىيەمنى قوبۇل قىلىڭلار... ئاياللارغا ئېتىبار بېرىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن، ۋەسىيىتىمنى قوبۇل قىلىپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىڭلار“** («سەھىھۇل بۇخارى»)، **”ئاياللارغا ئەركەكلەر ئۆز ئاچا - سىڭىللىرىغا ئوخشاش مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەك“. ”بارلىق خەلقلەر ئاللاھنىڭ بەندىسىدۇر، ئۇلاردىن ئاللاھقا يېقىنراقى ئۆز ئەھلى ئايالىغا كۆپرەك پايدىسى تېگىدىغانلاردۇر“. ”ئاراڭلاردىكى ياخشى ئادەم ئايالىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغان ئادەمدۇر. ئايالىغا ھەممىدىن ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم مەن بولىمەن. خوتۇنلارنى پەقەت ياخشى ئادەملەرلا ئىززەت - ئىكرام قىلىدۇ، پەقەت يامان ئادەملەرلا خوتۇنلارنى خورلايدۇ، خارۇزار قىلىدۇ“** (ئىبنى ماجە رىۋايىتى) دېگەندى. دېمەك، مۆمىنلەرنىڭ ياخشىسى بىلەن يامىنىنىڭ پەرقى ئېنىق ئايرىلدى. ئاياللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى قايتا تاللىۋېلىڭ.

### بالىلىرىنى ئوقۇتۇش، تەربىيىلەش ئەر - ئايالنىڭ مەجبۇرىيىتى

بالا ئائىلىنىڭ زىننىتى، نەسەب يىلتىزى، ئۈمىد يۇلتۇزى. ئائىلە مەملىكەتنىڭ تەخت ۋارىسى، ئائىلىنىڭ تاش ئابىدىسى، مىللەتنىڭ ئەتىسى، دۆلەتنىڭ خوجىسى، جەمئىيەتنىڭ بەخت بايلىقى. بالىلارنى ياخشى ئوقۇتۇپ، ياخشى تەربىيىلەش ئاللاھ بىزگە تاپشۇرغان ئۇلۇغ ۋەزىپە، ئاللاھنىڭ پەرزى، ئاتا - ئانىنىڭ قەرزى. ئاتا - ئانىلار بالىلىرى ئۈچۈن بۇ دۇنيا ھەم ئاخىرەتتە مەسئۇل بولىدۇ. بالا تەربىيە كۆرگەندىلا، ئوقۇپ بىلىم - قابىلىيەت ئىگىلىگەندىلا ياراملىق ئىنسان بولالايدۇ. ئانا سۈتى قانداق ئاق ۋە پاك بولسا، سەبىي بالىمۇ شۇ ھەم پاك بولىدۇ. بالا بەئەينى بىر ۋاراق ئاق قەغەز. ئاتا - ئانا رەڭ - بوياق بېرىپ، ھايات خەرىتىسىنى سىزىپ چىققۇچى ئىنژېنېر. ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ھايات يولىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ بەختەر قاتنىشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قاتناش ساقچىسى. ئاتا - ئانا بالىلارنىڭ نىجاتچىسى، ھىماتچىسى، تۇنجى ھەم مەڭگۈلۈك تەربىيىچىسى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق يوليورۇق بەرگەندى: **”پەرزەنتىڭلارنى ئىززەتلەش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقىنىمۇ ياخشىلاڭلار“. ”ھېچقانداق ئاتا پەرزەنتىگە خۇلق، ئەدەپتىن بۈيۈكرەك مىراس قالدۇرالمايدۇ“.** پەرۋىشسىز كۆچەت ئۆتۈن. پەرۋىشسىز زىرائەت سامان بولغاندەك، پەرۋىشسىز بالا يامان بولىدۇ. ئائىلىنى مېۋىلىك باغقا ئوخشاتساق، باغقا سورتلۇق كۆچەت قويۇپ، كېچە - كۈندۈز كۆڭۈل قويۇپ ئەستايىدىل پەرۋىش قىلىپ شېرىن ھوسۇل ئالىدىغان چېۋەر باغۋەن ئاتا - ئانىلاردۇر. ئاتا - ئانىلارنىڭ تەربىيە بېرىش سەنئەت - ساپاسى بالىلارنىڭ ساپاسىنى، بالىلارنىڭ ساپاسى مىللەتنىڭ ساپاسىنى بەلگىلەيدۇ. ئائىلىنىڭ يىلتىزى، ئۈمىد تەقدىرى ھېسابلىنىدىغان بالىلارنىڭ تەقدىر - ئىستىقبالى ئاتا - ئانىلار قولىدا. بالىلىرىمىزنى (بولۇپمۇ قىزلىرىمىزنى) ئوبدان ئوقۇتۇپ، ئەستايىدىل تەربىيىلەپ، ياراملىق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقساق مىللىتىمىزنىڭ ساپا تەرەققىياتىنىڭ ئۇلىنى سالغانلىق، ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلىق بولىدۇ. ئەكسىچە تۇغۇپ قويۇپ تاشلىۋەتسەك، قورسىقىنى تويغۇزۇپ، كىيىمىنى كىيگۈزۈپ چوڭ قىلىشنى بىلىپ، تەربىيىلەشنى بىلمىسەك، ئوقۇتمىساق، بىزنىڭ ھاياتىمىزدىن نېمە پەرقىمىز قالدى؟ تەربىيىسىز، ئوقۇشسىز قالغان بالىلار ئائىلىگە تراگېدىيە، جەمئىيەتكە پاجىئە ئېلىپ كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **”ھەر قانداق بالا ئىسلام ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. ئۇنى ئاتا - ئانىسى يا يەھۇدىي، يا خىرىستىئان، يا مەجۇسىي قىلىدۇ“** دېسە، سۇبھانە ۋەتە

www.uyghurkitap.com

تائالا:

**ئى مۆمىنلەر، ئۆزەڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار.**

—— سۈرە «تەھرىم» (66 ـ سۈرە)، 6 ـ ئايەت

دەپ ئاگاھلاندۇرغاندى. لېكىن قىسمەن ئىمانى ئاجىز، ئېتىقادى سۇس ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ بالىلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، تەربىيە بېرىشى يېتەرسىز، ئۇلار بالىلىرىغا ئائىلىدە ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت، پاكىزلىق، ساغلاملىق، ئەمگەك تەربىيىسى بېرىش، بالىلىرىنىڭ ئەقىل بۆلىقىنى، نەزەر دائىرىسىنى ئېچىش، تەپەككۇر قىلىش، مۇستەقىل ياشاش توغرىسىدا بالىلىرى بىلەن پىكىرلىشىش، سىردىشىش، ئاقىلانە مەسلىھەت بېرىش، يېتەكلەشكە سەل قارايدۇ. باللار باغچىسىغا، مەكتەپكە بېرىپلا قويسا ھەممە ۋەزىپىسى تۈگىگەندەك بەخىرامان يۈرۈيدۇ. كۆندۈزى ئورگاندا، كەچقۇرۇن رېستوراندا، ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇتىدىغان بەزمىخانا، تانسىخانا، ئىشرەتخانىلاردا ھارامغا تويۇپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ بالا تەربىيىسىگە چولىسى تەگمەيۋاتىدۇ. باللار قەلبىدە قۇياشتەك پارلاق ئوبراز ھېسابلىنىدىغان ئانىلارمۇ كىيىم كىيىش، گىرىم قىلىش، ھەر خىل چاي، توي بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، باللارغا ئېيتارغا سۆزى يوق، قارارغا كۆزى يوق. بۇنداق بۇلغانغان زەئىپ چۈشكۈن روھتىن، ئېتىقاد ـ ئىمانى سۇس، قىلچە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، ئادىمىيلىك بۇرچى، بالا تەربىيلەش ئىقتىدارى بولمىغان ئاتىلىلەردىن خۇددى ئەخلەتتەك كېرەكسىز سۈپۈرۈندىلەر چىقىپ، ئائىلىنى بۇلغاپ، جەمئىيەتنى بۇزىدۇ، خالاس!

ئاق نان بەرگەن ئاتىلار، ئاق سۈت بەرگەن ئانىلار پاكلىق تەربىيىسى، ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيىسى، ئادىمىيلىك تەربىيىسى بېرىشنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. ئەجدادلارغا يول ئېچىپ، يول ـ ئوزۇق بېرىپ، ئەۋلادلارنى بەخت يولىغا باشلىشى لازىم. ئاتا ـ ئانا پاراۋوز، بالا ۋاگون. ئاتا ـ ئانىنىڭ تاللىغان يولى، سۈرئىتى بالىلارنىڭ ئۆلگە ـ نەمۇنىسى. ئاتا ـ ئانا بۇلاق، پەرزەنتنىڭ چاڭقاق دىلىنى ئىلىم شەربىتى، ئەدەپ كەۋسىرى بىلەن تويۇندۇرۇپ، ھاياتلىق باغچىسىنى گۈلستانغا ئايلاندۇرغۇچى. ئاتا ـ ئانا گويا خەزىنىسى ساقچىسى. موھتاج بولسا قۇتقۇزۇپ، ئاداشسا يول كۆرسىتىپ، يىقىلسا يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، نىشانغا يېتىشكە خالىسانە ياردەم بەرگۈچى. ئاتا ـ ئانىلار باللارغا بەخت ـ ئىقبالنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى تۇتقۇزغۇچى. باللارنى ياخشى تەربىيلىگەنلىك بالىنىڭ بەختى، ئائىلىنىڭ تەقدىرى، مىللەتنىڭ كېلەچىكى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىنى كۆزلىگەنلىك. باللارنىڭ تەقدىر ـ ئىستىقبالى قابىلىيەتلىك، پەزىلەتلىك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈرەك قېنىدىن، ماڭلاي تەرىدىن يۇلتۇزدەك پارلاپ، چاقنايدۇ.

### ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىش باللارنىڭ مەجبۇرىيىتى

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ شەپقەتلىك پەرۋەردىگارى ئاللاھ بىزگە مۇنداق تەلىم بېرىدۇ:

**پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن(يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن.**

—— سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17 ـ سۈرە)، 23 ـ، 24 ـ ئايەت

**ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۇستى ـ ئۇستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.**

—— سۈرە «لوقمان» (31 ـ سۈرە)، 14 ـ ئايەت

دېمەك، ئاتا ـ ئانىغا ياخشى خىزمەت قىلىش ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن كېيىنلا تۇرىدىغان، ئاللاھ تاپشۇرغان ئۇلۇغ ئەمەل، بۈيۈك ۋەزىپە. ئاتا ـ ئانىلار ياشانغاندا ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش قانۇنىي مەجبۇرىيەت، ئىنسانىي پەزىلەت، باللىق مەسئۇلىيەت. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "ئۈچ خىل

سۈپەت باردۇركى، كىمدە كىم ئۇنىڭغا ئىگە بولسا، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنى ھىمايە قىلىپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ: 1. زەئىپلەر بىلەن خۇش مۇئامىلىدە بولۇش؛ 2. ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش؛ 3. قۇلغا ياخشىلىق قىلىش". "ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ قېرىلىق ۋاقتىدا ھەر ئىككىسىنى، بىرى بولمىغاندا يەنە بىرىنى رازى قىلىپ جەننەتنى بولىۋالمىغان پەرزەنت خار بولسۇن، خار بولسۇن ۋە يەنە خار بولسۇن"."ئاتا ـ ئانىنى رازى قىلغان كىشىدىن ئاللاھمۇ رازى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىنى خاپا قىلغان كىشىگە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ"(«سەھىھ ھەدىسلەر»دىن) دەپ تەلىم بەرگەندى.

دېمەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىش ئاللاھنىڭ ئەمرى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋىتى. پەرزەنتلەرنىڭ مەڭگۈ تۈگىمەس قەرزى، مەجبۇرىيىتى. بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېتىزى. پەرزەنتلەرنىڭ قەلب ئېتىزىغا ئانىلارنى ھۆرمەتلەش، ياخشى خىزمەت قىلىش ئۇرۇقىنى چاچساڭ، ئۆزۈڭ ياشانغاندا ھوسۇلىنى يىغىسەن. ئاتا ـ ئاناڭنى ياخشى كۈتكىنىڭ، قەدىرلىگىنىڭ، كەلگۈسىدە ئۆزۈڭنى قەدىرلەيدىغانلارغا نەمۇنە كۆرسەتكىنىڭ. ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشى خىزمەت قىلىش ئادىمىلىكنىڭ ئىپتىداسى، ئىنساني پەزىلەتنىڭ مۇقەددىمىسى. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھاياتلىق سەپىرى مەنزىلگە يېقىنلاشقانسېرى، پۈت ـ قوللىرىدا ماغدۇر قېچىپ، زېھنى زەئىپلىشىپ بىزگە ئېھتىياجى چۈشىدۇ. پۈتكۈل ئۈمىدىنى بىزگە ئارتىدۇ. شۇڭا بىز پەرزەنتلەر ھەر بىر ئېغىز سۆزىمىزنى ھەسەلدەك شېرىن، ھەر بىر ھەرىكىتىمىزنى قايماقتەك سىلىق قىلىپ ئۇلارنىڭ روھىغا ئوزۇق، تېنىگە قۇۋۋەت، دەردىگە دەرمان بولۇشىمىز كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە:"پەرزەنتلەر ئۆز ئاتا ـ ئانىسىغا رەھىمدىل ۋە كۆيۈمچان بولغاندىلا بىر قېتىملىق ئۆمرە ھەجنىڭ ساۋابىنى ئالالايدۇ" دېگەن ئەمەسمىدى! پەيغەمبىرىمىز يەنە: "سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشتىن ئىبارەتتۇر" («سەھىھ ھەدىسلەر»دىن) دېگەندى. تېرىساڭ ئورىسەن، ئاتا ـ ئاناڭنى بۇ دۇنيادا قاقشاتساڭ ئۇ دۇنيادا گۇناھكار، زىيانكار بولۇپ ئاللاھنىڭ جازاسىنى تارتىسەن. بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭ ياشانغاندا بالاڭدىن كۆرىسەن، خارۇزار ئۆتىسەن، ياشلىقىڭدا كۆپرەك تەر ئاققۇزساڭ قېرىغاندا ئازراق ياش ئاققۇزىسەن. ھەر بىر ئائىلە بىر دەرسخانا، ھەر بىر ئاتا ـ ئانا بىر ئۈلگىلىك ئۇستاز. قېرىغاندا ھىممەت كۈتسەڭ، ياشلىقىڭدا ئاتا ـ ئاناڭغا ياخشى خىزمەت قىل، ئاتا ـ ئاناڭنى رازى قىل.

ئەر ـ ئاياللاردا ئۇرۇق ـ تۇغقان قېرىنداشلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. ئەر ـ ئايال بىر جان بىر تەن بولۇپ مۇقەددەس ئائىلە قۇرغان ئىكەن، ئىككىلا تەرەپ تۇغقان قېرىنداشلىرىغا تەڭ باراۋەر قىزغىن مۇئامىلە قىلىش، سىلە ـ رەھىم قىلىش، بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىش، بىر ـ بىرىنى يوقلاپ تۇرۇش، ئۇلار كېسەل بولسا ھال سوراش، ئۆيگە كەلسە ياخشى مېھمان قىلىشى مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كىمكى كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكتە ئازادىرەك بولۇشنى ياقتۇرسا، شۇنداقلا ئۆمرۈم ئۇزۇن بولسۇن دېسە، ئۇ ئۆزىنىڭ قان ـ قېرىنداشلىرى بىلەن ئىزدىشىپ ئۆتسۇن" (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى). "قېرىنداشنىڭ قېرىنداشقا قىلغان سەدىقىسى ھەم سەدىقە ھەم قېرىنداشلىق مېھرى ـ شەپقەت ھۆكمىدە بولىدۇ. قېرىنداشلارغا ئادەمگەرچىلىك قىلىش، خۇلقى چىرايلىق بولۇش ۋە ياخشى قوشنىدارچىلىق يۇرتنى ئاۋات، ئۆمۈرنى زىيادە قىلىدۇ" («سەھىھ ھەدىسلەردىن») دەپ تەلىم، كۆرسەتمە بەرگەندى.

يۇقىرىدا ئائىلىدە ئەر ـ ئاياللارنىڭ، پەرزەنتلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرى سۆزلەندى. بىز ئائىلىدە بىر جان، بىر تەن بولۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە مەڭگۈلۈك بەختكە چۆمۈلگەن ئائىلە قۇرۇشنى نىشان قىلغان ئىكەنمىز، ئۆزىمىز ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى تونۇپ، ياخشى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. ھوقۇقتا تەڭ ـ باراۋەر بولساق، مەجبۇرىيەتنى تەڭ ئۆتىسەك، ئائىلە تىنچ، مۇقىم، ئىجىل ـ ئىناق، بەختىيار ئائىلە بولالايدۇ. پەقەت ئائىلىدە باراۋەرلىك، تىنچ ـ ئىناقلىق، ئىجىل ـ ئىتتىپاقلىق بولسىلا، كۆڭلەر كۆڭۈللۈك، ئىشلار ئوڭۇشلۇق، كۆڭۈللەر خاتىرجەم بولۇپ، بەخت ـ ئامەت كۈلۈپ قارايدۇ.

ئىسلام دىنى تىنچلىق، مۇقىملىق دىنى. ئەڭ ئىززەتلىك، ئەڭ قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ 99 گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بولۇپ، تىنچ ـ ئامانلىق شۇلارنىڭ بىرىدۇر. ئىسلام دىنى ئاللاھ بىزگە تاللاپ بەرگەن دىن بولۇپ، "ئىسلام" دېگەن سۆزنىڭ لېكسىكىلىق

www.uyghurkitap.com

مەنىسى ''ئىشىنىش. ئىتائەت قىلىش. تىنچ ئامانلىق''
دېگەندىن ئىبارەت. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى
''مۇھەممەد ئەمىن'' دەپ نام ئالغان بولۇپ، ''تىنچلىق''
دېگەن مەنىسى بار. بەيتۇللا جايلاشقان مۇقەددەس
ھەردەم مەسچىتىنىڭ كۆپ ئىشىكلىرى بولۇپ. بىرىنىڭ
ئىسمى ''تىنچلىق دەرۋازىسى'' دەپ ئاتىلىدۇ.
مەدىنىدىكى پەيغەمبەر مەسچىتىنىڭ بىر ئىشىكىمۇ
''تىنچلىق ئىشىكى'' دەپ ئاتالغان. ئاللاھنىڭ سەككىز
جەننىتىنىڭ بىرسىنىڭ نامىمۇ ''تىنچلىق جەننىتى''.
دېمەك. تىنچ. مۇقىملىق ئاللاھنىڭ چاقىرىقى،
پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋىتى. ئىسلام دىنىنىڭ بايرىقى،
مۇسۇلمانلارنىڭ جېنى. ئىككى دۇنيالىق نىشانى.
مۇسۇلمانلار بولسا تىنچلىق جەڭچىلىرىنىڭ بايراقدارى.
تىنچلىقنى قوغداش زەربىدارى.

ئەلھاسىل كالام، تىنچ ـ مۇقىملىقنى سۆيۈش
ئاللاھنىڭ ئەمرى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ شوئارى. تىنچ ـ
ئامان. ئىجىل ـ ئىناق ئائىلە ۋە جەمئىيەت قۇرۇش
مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى، يۈرەك ئارزۇسى.
ئاللاھنىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈممىتى
ئىكەنمىز ئاللاھنىڭ ئەمرى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ
چاقىرىقىغا شەرتسىز ئاۋاز قوشۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ
تەڭ ـ باراۋەرلىك، تىنچ ـ ئىتتىپاقلىق. ئىجىل ـ ئىناق
ئائىلە قۇرۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىگە ئىزچىل ۋارىسلىق
قىلىپ. ئۇنى ئىزچىل جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

(ئاپتور: مورى ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئۇن يېشىڭغا مۇبارەك

(ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئۇن يىللىقىنى قۇتلۇقلايمەن)

ياقۇپ ھەمدۇللا

ئەزىز ژۇرنال، ھەمراھىمسەن، دىلىمنىڭ دەرمانىسەن،
ھەر پەسىلدە باھار، ئاپتاپ، ئىلىم ـ ئىرپان گۈلزارىسەن.

ھاياتلىق يولىدىن ئازسام، تېڭىرقاپ بېشىم قايسا،
دىلىمغا نۇر ـ زىيا چاچتىڭ، يولۇمنىڭ چىراغىسەن.

دىلىم چاڭقاق ئىدى قۇمدەك، ئەزىم دەريا كەبى سىڭدىڭ،
سېنى كەۋسەر بىلىپ يۇتتۇم، قەلبىمنىڭ شەربەتىسەن.

نادانلىق، خۇراپاتلىق يولۇمنى توسسىمۇ تاغدەك،
تېنىمگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بەردىڭ، ئۈمىد بەخش مادارىمسەن.

نادان ئىدىم، دانا قىلدىڭ، دىلىمغا نۇر ـ ئىمان بەردىڭ،
ھەر سانىڭ بىلەن مەندەك مۇسۇلمانغا مەدەتكارسەن.

سېنىڭدىن ئالغان ئوزۇقتىن روھىمغا كۈچ ـ مادار قوشتۇم،
ئېتىقادلىق قەلبلەرنىڭ مۇجەسسەم خۇش ھۇزۇرىسەن.

سېنى ئوقۇپ دىلىم يورۇق، يۈزۈم نۇرلۇق، يولۇم ئوچۇق،
ماڭا ھەر چاغ ساۋاق بەرگەن بۈيۈك ئەللامە ئۇستازسەن.

ساڭا مۇشتەرى بولماق بىلەن ئىلىم ـ ھېكمەتكە يول ئاچتىم،
تۈگىمەس خەزىنە تاپتىم، بىباھا ئەنگۈشتەرىمسەن.

سەن ئىلىم گۈلىستانى، مەن بۇ گۈلىستان بۇلبۇلى،
ساڭا ھەمدەمدە سايرايمەن، مېنىڭ ئاشىق قارارىمسەن.

دىلكىشىم، سىردىشىم ژۇرنال، ئۇن يېشىڭغا مۇبارەك!
ھەممىمىزدىن كەلگەي خۇش دۇئا، ئىزگۈ تىلەكىمسەن!

(تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

# ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ۋە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر ئەدەپ

ئابدۇۋاھاپ مۇھەممەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار:

ئىنسانىيەت ئىلىمگە دەۋەت قىلىش، ئىلىمنىڭ مەرتىۋىسىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش، ئىلىم ئەھلىنى مەدھىيىلەش، ئىلىم تەلەپ قىلىشقا ۋە ئۇنى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى روشەن بايان قىلىش، ئىلىمگە سۈس قاراپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنى كەمسىتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلام دىنىدەك ئىلىمگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەن بىرەر دىننى كۆرۈپ باققىنى يوق.

قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغىنىڭىزدا "علم" (ئىلىم) كەلىمىسىنىڭ 80قېتىم، "علم" دىن تۈرلىنىپ چىققان " علم يعلم يعلمون علم يعلم عليم علام " قاتارلىق كەلىمىلەرنىڭ نەچچە يۈز قېتىم زىكرى قىلىنغانلىقىنى كۆرىسىز . قۇرئان كەرىمدە "علم" (ئىلىم)گە مۇناسىۋەتلىك "عقل" (ئەقىل)دىن تۈرلىنىپ چىققان كەلىمىلەر 49 قېتىم، " فكر" (پىكىر)دىن تۈرلىنىپ چىققان كەلىمىلەر 18 قېتىم، "فقه" (فىقھى)تىن تۈرلىنىپ چىققان كەلىمىلەر 21 قېتىم، "حكمة " (ھېكمەت) تىن تۈرلىنىپ چىققان كەلىمىلەر 20 قېتىم تەكرارلانغان.

بۈيۈك قۇرئان كەرىمدە، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىس شەرىفلىرىدە ئىلىمنىڭ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ۋە كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى يۈكسەك مەرتىۋىسىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ.

ئاللاھ تائالا ئۆلىمالارنى قەدەم ئارقىلىق يەتكىلى بولمايدىغان. قانات بىلەن ئۇچۇپ بارغىلى بولمايدىغان ئالىي ماكانغا پەقەت ئىلىمنىڭ ۋاسىتىسى بىلەنلا يەتكۈزىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئاللاھ بۈيۈك كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.**

— سۈرە «مۇجادەلە» (58 - سۈرە)، 11 - ئايەت

ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىنى كۆپلەپ ئىلىم تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

**ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن (دېگىن).**

— سۈرە «تاھا» (20 - سۈرە). 114 - ئايەت

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "**ھەقىقەتەن پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا مەمنۇن بولۇپ ئۇلارغا قاناتلىرىنى سېلىپ بېرىدۇ. ھەقىقەتەن ئالىمغا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى جانلىقلار ھەتتا سۇدىكى بېلىقلارمۇ ئاللاھتىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ، ئالىمنىڭ تەقۋادار ئىلىمسىزغا بولغان ئارتۇقچىلىقى ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلارغا بولغان ئارتۇقچىلىقىغا ئوخشاش. ئېنىقكى، ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر بولسا تەڭگە - تىللالارنى مىراس**

www.uyghurkitap.com

**قالدۇرمىغان، بەلكى ئۇلار ئىلىمنى مىراس قالدۇرغان. شۇڭا كىمكى ئىلىمنى مىراس ئالسا تولۇق ھەققىنى ئالغان بولىدۇ»** (ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ نەفلە ئىبادەتتىنمۇ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **«ئى ئەبۇزەر! ئەتىگەندە چىقىپ ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ئايەت ئۆگىنىشىڭ يۈز رەكەت ناماز ئوقۇغىنىڭدىن ياخشى، ئەتىگەندە چىقىپ ئەمەل قىلىنىۋاتقان ياكى قىلىنمايۋاتقان ئىلىمدىن بىر باب ئۆگىنىشىڭ مىڭ رەكەت ناماز ئوقۇغىنىڭدىن ياخشى»** (ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

رەسۇلۇللاھ يەنە بىر ھەدىستە ئوقۇ - ئوقۇتۇشقا قىزىقتۇرۇپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **«ئالىم بولغىن ياكى ئۆگەنگۈچى بولغىن، ياكى ئاڭلىغۇچى بولغىن، ياكى ئىلىم ئاشىقى بولغىن، بەشىنچىسى بولمىغىن، مۇنداق بولساڭ ھالاك بولىسەن»** (تەبرانى رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ كۆپلەپ ئىلىم تەلەپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، بىلمىسىزلىكتىن ۋە بىلمەسلىك ئېلىپ كېلىدىغان دۇنيا - ئاخىرەتتىكى شۇملۇقتىن ھەزەر ئەيلىتىپ، ئىلىمنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن ۋە ئۆلىمالارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تەرىپلىگەن.

ھەسەن بەسرى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالار بولمىغان بولسا كىشىلەر ھايۋانغا ئوخشاش بولۇپ كېتەتتى، يەنى ئۆلىمالار ئىلىم ئارقىلىق ئىنسانلارنى ھايۋانىيلىق ھالىتىدىن ئىنسانىيلىق ھالىتىگە ئېلىپ چىقىدۇ». يەھيا ئىبنى مۇئاز رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئۆلىمالار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە ئۇلارنىڭ دادىلىرى ۋە ئانىلىرىدىنمۇ مېھرىباندۇر». ئۇنىڭدىن: «قانداقچە مۇنداق بولىدۇ؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۇلارنى دۇنيا ئوتىدىن مۇھاپىزەت قىلسا، ئۆلىمالار ئۇلارنى ئاخىرەتتىكى دوزاخ ئوتىدىن مۇھاپىزەت قىلىدۇ» دېگەن.

ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى تەلەپ قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتقان شەرىئەت ئىلمى ئۈچ قىسىم بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

## بىرىنچى، پەرز ئەين ئىلىم

ئۇ شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە تەكلىپ قىلىنغان ھەر بىر شەرىئەت ئەھلىنىڭ ناماز، تاھارەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پەرزلەرنى ئادا قىلىشتىكى قائىدە - پرىنسىپلارنى ئۆگىنىشى، سودا - سېتىق قىلماقچى ۋە ياكى توي قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ سودا ۋە نىكاھ بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى، ھەسەتخورلۇق، ئۆزىدىن ئەجەبلىنىش، كىبىرلىك قىلىشقا ئوخشاش قەلب كېسەللىرىنى داۋالايدىغان قەلب ئىلمىنى ئۆگىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىككىنچى، پەرز كىپايە ئىلىم

قۇرئان يادلاش، ھەدىسلەرنى يادلاش، فىقھى پرىنسىپلىرى، گراممatica، مورفولوگىيە، لۇغەت ئىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلەش، ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنى بىلىش، ئۆلىمالار ئىجمائ قىلغان ھۆكۈملەرنى بىلىش، شۇنىڭدەك سەھىيە، ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، سانائەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دېھقانچىلىققا ئوخشاش دۇنيا تىرىكچىلىكىدە كېرەكلىك ئىلىملەرنى ئۆگىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

## ئۈچىنچى، نەفلە ئىلىم

شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ دەلىل - ئىسپاتلىرىنى چوڭقۇر ئىگىلەش ۋە ئۇنىڭدىكى مۇھىم، ئىنچىكە نۇقتىلارنى تېپىپ چىقىپ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىسلام شەرىئىتىگە دائىر كىتابلارنى تۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ.

بىزنىڭ سەلەف - سالىھ ئۆلىمالىرىمىز ئىلىمنىڭ ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشتىكى رولىنى:

**ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.**

—— سۈرە «فاتىر» (35 - سۈرە)، 28 - ئايەت

دېگەن ئايەت كەرىمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇلۇغ قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتى مۇشەررەپكە تايانغان ئاساستا تالىپى ئىلىملەرنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدىكى ئەدەپ - قائىدىلىرى بايان قىلىنغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى قالدۇرغان بولۇپ، بۇ ماقالىدە ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە تەۋپىقىغا تايىنىپ، مۇشۇ ساھەدە مەشھۇر بولغان مۆتىۋەر كىتابلاردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا 10 تۈرلۈك ئەدەپ - قائىدىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

## 1. تاشقى ۋە ئىچكى پاكلىققا ئەھمىيەت بېرىش، نىيەتنى توغرىلاش

تاشقى پاكلىق — دائىم تاھارەت بىلەن يۈرۈش، بەدەننى ۋە سىرتقى قىياپەتنى ئىمكان قەدەر پاكىز تۇتۇشتۇر. ئىچكى پاكلىق — ئىلىمنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۆگىنىش، ئۆزىنى رەزىل ئەخلاق، نامۇۋاپىق سۈپەتلەردىن پاكلاشقا ئەھمىيەت بېرىشتۇر. چۈنكى ئىلىم قەلبنىڭ ئىبادىتى، ئاللاھ بىلەن بولغان مەخپىي سىردىشىش، ئاللاھقا خۇپىيانە يېقىنلىشىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىمنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى باشقا مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئۆگەنگەن كىشىنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "كىمكى ئۆلىمالار بىلەن رىقابەتلىشىش ئۈچۈن ياكى نادان ئادەملەر بىلەن مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن ياكى كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن ئىلىم تەلەپ قىلسا ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ"(تىرمىزى رىۋايىتى).

ناماز ماددىي ۋە مەنىۋى نىجاسەتلەردىن پاكلانمىغىچە دۇرۇس بولمىغىنىدەك، ئىلىمدىن ئىبارەت قەلبى ئىبادەتمۇ ئىچكى پاكلىقسىز دۇرۇس بولمايدۇ. ئىلىم ئىنسان قەلبىنى ئاۋاتلاشتۇرىدىغان ئامىل. دەپ ئېتىبارغا ئېلىنسا، ئۆزى پاكلىنىشتىن بۇرۇن قانداقمۇ بىر شەيئىنى گۈللەندۈرەلىسۇن؟! شۇڭا ئىلىمنىڭ پاكلىقى ناچار ئەخلاقلار، بولمىغۇر سۈپەتلەرنى يوقىتىشتۇر. پەرىشتىلەر(رەھمەت پەرىشتىلىرى) ئىت بار ئۆيگە كىرمەيدىغان تۇرسا قانداقمۇ غەزەپ، شەھۋەتپەرەسلىك، ئۆچمەنلىك، ھەسەتخورلۇق، تەكەببۇرلۇققا ئوخشاش ئىللەت ـ مەينەتلىككە لىق تولغان قەلبكە چۈشسۇن؟! بۇ ناچار ئىللەتلەر ئىنسان قەلبىدە قاۋاپ تۇرىدىغان ئىتلارغا ئوخشايدۇ. ئۇنداقتا بۇ قەلب قانداقمۇ رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئۇچرىشالىسۇن؟ گۇناھ بىلەن ئېغىرلىشىپ زۇلمەت ئىچىدە قالغان قەلب رەھمەت پەرىشتىلىرىنى قارشى ئېلىشقا قادىر بولالمايدۇ. ئۇنداقتا قەلبتە ئاللاھ پەرىشتىلىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق تاشلاپ بېرىدىغان نۇردىن ئىبارەت ئىلىمگە ئورۇن بولمايدۇ.

دېمەك ئىلىمدىن پايدىلانماقچى بولغان ئادەمگە قەلبىنى پاكلاش، ئىسلاھ قىلىش ناھايىتى مۇھىمدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بەدەندە بىر پارچە گۆش بار، ئۇ ساق بولسا پۈتكۈل بەدەن ساغلام بولىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا پۈتكۈل بەدەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى ئۇ گۆش قەلبتۇر" دېگەن (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

ئىلىمنىڭ ھەۋىسىگە پەقەت قەلبنى ھەر قانداق نىجاسەت ۋە رەزىللىكلەردىن پاكلىغان ئادەملا ئېرىشەلەيدۇ. ھەدىسلەرنى كۆپ رىۋايەت قىلغانلىق، كۆپ يادلىغانلىق ۋە بەك چۈشەنگەنلىك ئىلىم ھېسابلانمايدۇ. ئىلىمنىڭ قىممىتى ئاللاھقا بولغان مۇناسىۋەتنى چىڭىتىش. ئاللاھتىن قورقۇش ۋە كىشىلەرگە پايدا. ياخشىلىقلارنى تارقىتىش ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. يۇقىرىقى تەلەپلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى شەرىئەت ئىلمىنى ئۆگەنگۈچى نىيىتىنى دۇرۇسلاش، ئىخلاسمەن بولۇش لازىم.

بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "شۈبھىسىزكى ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر" (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

ئىلىم تەلەپ قىلىشتىكى نىيىتىنى دۇرۇسلىماي، رىياكارلىق قىلغان كىشىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ پاجىئەلىك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:" قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ھۆكۈم چىقىرىدىغانلارنىڭ ئارىسىدا ئالدى بىلەن ئىلىم ئۆگەنگەن، ئىلىم ئۆگەتكەن ۋە قۇرئان ئوقۇغان ئادەم كەلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيادىكى نېمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ ئادەم تونۇيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: 'شۇ نېمەتلەردە نېمىلەرنى قىلدىڭ؟' دەيدۇ، ئۇ ئادەم: 'ئىلىم ئۆگەندىم، ئىلىم ئۆگەتتىم، سېنى دەپ قۇرئان ئوقۇدۇم' دەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: يالغان ئېيتتىڭ، ئىلىمنى سەن باشقىلار ئالىم دېسۇن دەپ ئۆگەندىڭ. قۇرئاننى باشقىلار قارى دېسۇن دەپ ئوقۇدۇڭ' دەيدۇ. ئاندىن ئۇنى يۈزىنى تۆۋەن قىلىپ سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىشقا بۇيرۇيدۇ" (مۇسلىم رىۋايىتى).

## 2. قەلبنى ئىلىمگە ئاتاش ۋە ئىلىمگە توسالغۇ بولىدىغان ئالاقىلەرنى ئۈزۈش

ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى قەلبنى ئىلىم ئۈچۈن ئاتاپ. ئۆگىنىشكە توسالغۇ بولىدىغان ھەر قانداق ئالاقىنى

كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆزگەندە ئۆز ئارزۇسىغا ئاندىن يېتەلەيدۇ. چۈنكى تۈرلۈك ئالاقە-مۇناسىۋەتلەر ئادەمگە توسالغۇ بولۇپ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدىن يۈز ئۆرۈگۈزىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا بۈيۈك قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھ ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق.**

——سۈرە «ئەھزاب» (33-سۈرە)، 4-ئايەت

بۇ ھەقتە ئۆلىمالىرىمىزنىڭ مۇنداق ھېكمەتلىك سۆزى بار: "سەن ئۆزۈڭنى ئىلىمگە پۈتۈنلەي بەرسەڭ، ئۇ ساڭا مەلۇم بىر قىسمىنى تۈرلۈك مۇشەققەتلەر بەدىلىگە بېرىدۇ".

### 3. ئۇستازلىرىنى ھۆرمەتلەش

ئىلىم پەقەت كەمتەرلىك بىلەنلا ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىنىڭ كەمتەر بولۇشى، بولۇپمۇ پىششىقەدەم ئۇستازلىرى ئالدىدا تېخىمۇ ئەدەپلىك، ئېغىر-بېسىق بولۇشى، ئۇستازىنىڭ سورۇن ھۆرمىتىنى ساقلىشى، ئۇستازىغا ئالىي ئېھتىرام بىلەن قارىشى، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۇستازىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشى لازىم. ئىلىمگە پەقەت كەمتەرلىك ۋە بېرىلىپ ئاڭلاش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**بۇنىڭدا (ھەقىقەتەن ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) قەلبكە ئىگە ئادەم ياكى (ۋەز-نەسىھەتكە) ھوزۇرىي قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەز-نەسىھەت بار.**

——سۈرە «قاف» (50-سۈرە)، 37-ئايەت

ئوقۇغۇچى چۈشىنىۋالغان مەسىلىلەرنى تەكرارلاۋەرمەسلىك، جاۋابىنى بىلىپ تۇرۇپ سىناش غەرىزىدە كۆپ سوئال سورىماسلىق، لېكىن چۈشەنمىگەن ئورۇنلارنى تارتىنماي سوراش لازىم. بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**سەندىن ئىلگىرى بىز پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھيى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئى قۇرەيش جامائەسى، بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار.**

——سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 43-ئايەت

ئوقۇغۇچى دەرس ۋاقتىدا دەرستىن سىرتقى ئىشلاردىن ساقلىنىشى، دەرس ئىنتىزامىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكى لازىم. بۇ ھەقتە ئىمام شافىئى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دەيدۇ: "مەن ئىمام مالىك رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ ئالدىدا كىتابىمنىڭ ۋارىقىنى ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ، ئۇنىڭ ئاڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ناھايىتى يېنىك ئۆرۈيتتىم" («كتاب المجموع» (كىتابۇلمەجمۇئى) 1-جىلد، 36-بەت).

### 4. ئىلىم ۋە تەقۋالىقتا مۇكەممەل ئۇستاز تاللاش

ئوقۇغۇچى ئىلىمنى قابىلىيىتى يۇقىرى، دىيانەتلىك، توغرا كۆزقاراشقا ئىگە، زېھنى ئۆتكۈر ئۇستازدىن ئېلىشى لازىم. ئۇستازىنىڭ ئىلمى كۆپ بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئوقۇتۇش مېتودى، دىنىي ئېتىقادى، گۈزەل ئەخلاق پەزىلىتى ۋە شۇ ئىلىمدىن تولۇق مەلۇماتى بولۇشى لازىم. بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئىبنى سىرىن مۇنداق دەيدۇ: "شۈبھىسىزكى بۇ ئىلىم دىندۇر. شۇڭا دىنىڭلارنى كىمدىن ئېلىۋاتقىنىڭلارغا قاراڭلار" (مۇسلىم رىۋايىتى).

### 5. دەرسنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىش

1) دەرس ئارىلىقلىرىدا ۋە مۇزاكىرە جەريانىدا بايقىغان پايدىلىق، مۇھىم مەزمۇنلارنى خاتىرىلىۋېلىش ئۈچۈن خاتىرە تۇتۇش لازىم.

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: "ئۇنتۇپ قالماسلىقىم ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بارلىق سۆزلەرنى يېزىۋالاتتىم. قۇرەيشلەر مېنى چەكلەپ مۇنداق دېدى: 'رەسۇلۇللاھ بىزگە ئوخشاش ئىنسان، غەزەپلىنىپمۇ، ئادەتتىمۇ گەپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ ھەممە گېپىنى يېزىۋېرەمسەن؟'. شۇنىڭ بىلەن يېزىشنى توختىتىپ، رەسۇلۇللاھقا بۇ ئىشنى ئېيتتىم. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇبارەك بارمىقى بىلەن ئاغزىغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: 'يېزىۋەرگىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ بۇ ئاغزىمدىن پەقەت ھەقىقەتلا چىقىدۇ' دېدى" (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى). ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: "ساھابىلار ئىچىدە مېنىڭدىن كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان كىشى يوق، ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى بۇنىڭدىن

مۇستەسنا، چۈنكى ئۇ خەت يازالايتتى، مەن يازالمايتتىم" (بۇخارى، تىرمىزى رىۋايىتى).

يۇقىرىقى ھەدىسلەر خاتىرە قالدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئەگەر ئىلىمنىڭ زايە بولۇپ كېتىش خەۋپى بولسا چوقۇم خاتىرە قالدۇرۇش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ 70نەپەر قارى ئۇرۇشتا قازا قىلغان ۋاقىتتا قۇرئان كەرىمنى يېزىپ قالدۇرۇشقا بىرلىككە كەلگەن.

2) يادلاش ۋە مۇزاكىرە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

ئوقۇغۇچى ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى قايتا-قايتا تەكرارلىشى، يادلايدىغان مۇھىم نۇقتىلارنى ئۇستازلىرىنىڭ ئالدىدا توغرىلىۋېلىپ ئاندىن پۇختا يادلىشى، يادلاپ بولغاندىن كېيىن تاشلىۋەتمەستىن ئېسىدىن چىقمىغۇدەك تەكرارلاپ تۇرۇشى كېرەك. ئىمام شافىئى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:" يادلاشتىكى ئەڭ مۇھىم ئۇسۇل: تولۇق چۈشىنىۋېلىش لازىم. كەلىمىلەرنى گىراماتىكا ۋە مورفولوگىيە جەھەتتە توغرا تەلەپپۇز قىلغاندىن كېيىن يادلاش كېرەك" (ئىمام نەۋەۋىنىڭ « المجموع » ناملىق كىتابىدىن).

ياشلىق ۋاقىت يادلاش ۋە ئۆگىنىشنىڭ ياخشى پەيتىدۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى سەھنۇن ئۆز ئىسنادى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق ھەدىس بايان قىلغان: **"كىمكى قۇرئان كەرىمنى ياشلىقىدا ئۆگەنسە قۇرئان ئۇنىڭ گۆش ۋە قېنىغا ئارىلىشىپ كېتىدۇ، كىمكى قۇرئان كەرىمنى چوڭ بولغاندا ئۆگەنسە قۇرئان ئۇنىڭدىن قاچىدۇ، ۋەھالەنكى ئۇ ئادەم قۇرئاننى تاشلىۋەتمەيدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ كىشىگە ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ"** («آداب المتعلمين»دىن ئېلىندى، 72-بەت).

بۇ ھەقتە ھەسەن ئىبنى ئەلى مۇنداق دەيدۇ:" بىلىم ئۆگىنىڭلار، بۈگۈن سىلەر كىچىك ئادەم بولساڭلار ئەتە چوڭ ئادەم بولۇپ قالىسىلەر، كىمكى ئېسىدە ساقلىيالمىسا يېزىۋالسۇن!" («إحياء علوم الدين» دىن ئېلىندى). يادلاش ۋە دەرس مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق ۋاقىت ۋە ئورۇن تاللاش لازىم. باغدادلىق ئالىم خەتىپ بۇ ھەقتە مۇنداق تەلىم بېرىدۇ: "يادلاشقا ئەڭ ياخشى ۋاقىت سەھەر ۋاقتى. ئاندىن قالسا كەچقۇرۇن. قورساقى ئاچ ۋاقىتتا يادلاش توق قورساق ۋاقىتتىكىدىن ياخشى. يادلاشقا ئەڭ مۇناسىپ ئورۇن ياتاق ۋە ھەر خىل ئويۇنچۇق، زىبۇزىننەتلەردىن خالىي ئورۇن. چىملىق، گۈللۈك، دەرەخزارلىق، ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرى ۋە كوچا-كويلار. يوللار بەزىلەر ئويلىغاندەك يادلاشقا مۇناسىپ جايلار ئەمەس، چۈنكى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۆپىنچە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ" (ئىمام نەۋەۋىنىڭ «المجموع» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

3) تىرىشچان، ئەخلاقلىق ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ۋە ئارىلىشىش لازىم.

بۇ ھەقتە ئەبۇ مۇسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:" **ياخشى ئادەملەر بىلەن بىللە بولۇش خۇددى يېنىدا ئىپار ئېلىپ يۈرگەن ئادەم بىلەن بىللە بولغانغا ئوخشاشتۇر. يامان ئادەملەر بىلەن بىللە بولۇش كۆرەك باسقۇچى بىلەن بىللە بولغانغا ئوخشاشتۇر. يېنىدا ئىپار ئېلىپ يۈرگۈچىلەر بەلكىم ساڭا ئازراق ئىپار بېرىشى مۇمكىن ياكى سەن ئۇنىڭدىن ئىپار سېتىۋالالايسەن ياكى سەن ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ خۇشبۇيىنى پۇرىيالايسەن. ئەكسىچە كۆرەك باسقۇچى بىلەن بىرگە بولساڭ ئۇ سېنىڭ كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ ياكى ئۇنىڭ تېنىدىكى سېسىق پۇرىقى بۇرنۇڭغا كىرىدۇ"** (بۇخارى رىۋايىتى). بۇ ھەقتە ئەرەب شائىرى مۇنداق دەيدۇ:

واحذر مصاحبة اللئيم فإنه
يعدى كما يعدى الصحيح الأجرب

(پەسكەشكە ھەمراھ بولۇشتىن ھەزەر ئەيلە، چۈنكى ئۇنىڭ ئەيىبى قوتۇر تۆگىنىڭ جاراھىتىدەك ساڭا يۇقۇپ قالىدۇ)

4) دەرسنى كۆپ كۆرۈش، تەكرارلاش ۋە ئۆزئارا مۇھاكىمە-مۇنازىرە قىلىشتا جانلىق بولۇش لازىم.

مەشھۇر ئالىم، ئىمام ئىلكىيا ھىراسى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى دەرسنى 90 قېتىم قايتا-قايتا كۆرۈپ چىقاتتى. («طبقات الشافعية الكبرى»7-جىلد 232-بەت)

ئىمام ئەبۇ يۈسۈف رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بەش كۈنگىچە تۈزۈك تائام يېمەي فىقھشۇناسلار بىلەن مۇنازىرىلەشكەن. («تعليم المتعلم» 42-بەت)

www.uyghurkitap.com

## 6. ئىلىمنىڭ ئەڭ مۇھىمىنى ياخشى ئىگىلەپ ئاندىن خىلمۇ خىللىرىغا يۈرۈش قىلىش

ئوقۇغۇچى دەسلەپتىلا ئىختىلاپلارغا ۋە ھەر خىل ئىلىم بابلىرىغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلىنىشى. بەلكى ئىلىمگە بىرىدىن كېيىن بىرىگە تەدرىجىي چۆكۈشى ۋە دەسلەپتە ئۇستازىنىڭ قېشىدا ئەڭ يارامliق دەپ قارالغان بىر خىل پەننى پۇختا ئىگىلىشى، ئاندىن كېيىن ھەر خىل پەنلەرگە يۈرۈش قىلىشى ۋە مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل ئىختىلاپى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشى لازىم. بۇ ھەقتە ھۆججەتۇل ئىسلام مۇھەممەد ئەبى ھامىدىل غەززالى ئوقۇغۇچىلارغا تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئۇستازىڭ بىر خىل قاراشنى تاللىيالمىسا. ئۇنىڭ ئادىتى ھەر خىل مەزھەپلەرنى ۋە ئۇ ھەقتىكى سۆزلەرنى نەقىل قىلىش بولسا ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلغىن. چۈنكى ئۇنداق ئۇستازنىڭ يېتەكلىشىدىن ئازدۇرۇشى كۆپ. ئەمانىڭ ئەمالارنى يېتەكلەپ قوماندانلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

## 7. بىر خىل پەنگىلا چەكلىنىۋالماسلىق ۋە بىر خىل پەنگە پۈتۈنلەي چۆكۈپ كەتمەسلىك

ئوقۇغۇچى ئىلىم تەھسىل قىلغاندا بىر خىل ئىلىمنى پۇختا ئىگەللىشىلا يېتەرلىك بولمايدۇ، بەلكى مەلۇمات دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تىرىشىش. ئىلىمغا ناھايىتى ئامراق، ئىلمى ئاۋۇغانسېرى تويمايدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ئىككى ھېرىسمەن كىشى قانائەت قىلمايدۇ، بىرى، ئىلىمگە ھېرىسمەن كىشى بولۇپ، ئىلىمگە تويمايدۇ، يەنە بىرى، دۇنياغا ھېرىسمەن كىشى بولۇپ، دۇنياغا تويمايدۇ“** (بەيھەقى رىۋايىتى).

ئوقۇغۇچى چوقۇم تەرتىپ بويىچە، ئەڭ مۇھىمىنى بۇرۇن ئۆگىنىشى كېرەك. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىلىملەرنىڭ ئاساسلىقى ۋە مۇھىمى — ئاللاھنى تونۇش، كىتابىنى تونۇش، ئۇنىڭ قانۇنى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار نەرسىلەرنى تونۇش، ئاندىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ھاجىتىگە كېرەكلىك ئىلىملەرنى ئۆگىنىش كېرەك. لېكىن ھەر قايسى ئىلىملەرگە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارىماسلىقى كېرەك. پەزىلەت نىسپى ئىشتۇر، قانداق ئادەمنىڭ نىيىتىدە ئاللاھ بولسا، قانداق ئىلىم بولسۇن شەكسىز پايدىلىنالايدۇ ۋە دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

## 8. دەرسخانىدا ئەدەپلىك بولۇش

ئوقۇغۇچى دەرسخانىغا تولۇق تەييارلىق بىلەن كىرىپ، ساۋاقداشلىرى ئاڭلىغۇدەك ھالەتتە سالام بېرىشى ۋە ئۇستازىغا ئالاھىدە ئېھتىرام بىلدۈرۈشى لازىم. ئۇ ئەدەپ بىلەن كەمتەر قىياپەتتە ئۇستازىنىڭ ئەمەس، ئوقۇغۇچىنىڭ ئولتۇرغىنىدەك ئولتۇرۇشى، زۆرۈر بولمىسا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن توۋلىماسلىقى، بەلكى ئۇستازىغا ئالدىنى قىلغان ھالەتتە ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ تۇرۇشى، بىرەر مەسىلىنى ئىزاھلاشتا ياكى سوئالغا جاۋاب بېرىشتە ئاقساقاللىق قىلماسلىقى كېرەك.

دەرسنى ” بسم الله الرحمن الرحيم “دەپ باشلىشى ۋە ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ سانا يوللىشى لازىم. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ بىزگە كۆرسەتمە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **”ھەر قانداق ياخشى ئىش ‹ بسم الله الرحمن الرحيم › بىلەن باشلانمىسا ئۇنىڭ ئاخىرى خەيرلىك بولمايدۇ“** («مىرقات»تىن ئېلىندى). يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: **”ھەر قانداق ياخشى ئىش ئاللاھقا ھەمدۇ سانا يوللاش بىلەن باشلانمىسا ئۇنىڭدا بەرىكەت بولمايدۇ“** («مىرقات»تىن ئېلىندى).

ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ـ سالام، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە، ئۇستازلىرىغا، ئاتا ـ ئانىلىرىغا ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا دۇئايى سالاملارنى يوللىشى لازىم. بۇ ھەقتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ”ھەر قانداق دۇئا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا دۇرۇت ـ سالام يوللىمىغىچە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلىمەيدۇ“.

## 9. ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولۇش، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، سەۋرچان بولۇش، ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىن بولۇش

ئوقۇغۇچى مەيلى يۇرتىدا بولسۇن مەيلى سەپەردە بولسۇن، كېچە ـ كۈندۈزدىكى بارلىق ۋاقىتلىرىدا ئۈزلۈكسىز

ئۆگىنىشى لازىم. ئۆگىنىش قىلىش، تاماق يېيىش، دەم ئېلىش ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇشتىن باشقا ۋاقىتلاردا بىھۇدە ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماسلىقى لازىم. ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق قىلماسلىقى، جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشى، ئېغىر-بېسىق، سالماق بولۇشى، غايىلىك، ئىرادىلىك بولۇشى لازىم. رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىمۇ ئىلىم ئېلىشقا ناھايىتى ھېرىسمەن ئىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولالايدۇ. ئىمام شافىئى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دەيدۇ: "ئىلىم يولىدىكى كىشىلەر بىر نەچچە خىل بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ئىلمىنى زىيادە قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، ئۆزىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش يولىدىكى ھەر قانداق مۇشكۈلاتلارغا بەرداشلىق بېرىشى، چوڭقۇر ئىلمىنى قولغا كەلتۈرۈشتە نىيىتىنى خالىس قىلىشى، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ياردەم بېرىشىگە سېغىنىشى لازىم. چۈنكى ھەر قانداق ياخشىلىق ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ" («الرسالة للإمام الشافعي» 19-بەت).

مەشھۇر ئالىم ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:" كىمكى ئۆگىنىشنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىسە، پۈتكۈل ئۆمرىدە جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا قالىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا چىدىسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىززەت-ئابرۇيغا ئېرىشىدۇ". ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قالغان ئىككى كەلىمە سۆزمۇ شۇ مەنىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ: "خار بولۇپ ئۆگەنگەن ئىدىم. ئەزىز بولۇپ ئۆگەتتىم". (ئىمام نەۋەۋىنىڭ «المجموع»ناملىق كىتابىدىن)

## 10. ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئۆز يۇرتىدىن چىقىش

بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىلىم تەلەپ قىلىپ چىقىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

**ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنني ئالىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا ئىلىم تەلەپ قىلىشقا چىقمىدى؟**

——سۈرە«تەۋبە»(9-سۈرە). 122-ئايەت

ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىغا چىقسا ئۆيىگە قايتىپ كەلگىچە ئاللاھ يولىدا بولىدۇ**"(تىرمىزى ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى تابىئىنلەرمۇ ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن باشقا يۇرتلارغا بارغان. ئىمام بۇخارى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە مەشھۇر ساھابە جابىر ئىبنى ئابدۇللا ئابدۇللا ئىبنى ئۇنەيسنىڭ قېشىغا بىر ھەدىسنى دەپ بىر ئايلىق سەپەرگە چىققان.

ئىمام شافىئى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

تغرب عن الأوطان فى طلب العلى،
وسافر ففى الأسفار خمس فوائد.
تفرج هم و اكتساب معيشة،
و علم وآداب وصحبة ماجد.

(ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن يۇرتلاردىن ئايرىلغىن، يولغا چىق! سەپەرلىرىڭدە غەمدىن خالاس بولۇش، تۇرمۇشنى ئۆگىنىش، ئىلىم ئىگىلەش، ئەخلاق ئۆگىنىش ۋە ئالىيجاناب كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتىن ئىبارەت بەش پايدا بار.)

{«ديوان الشافعى»دىن ئېلىندى، 41-بەت}

ئاللاھتىن بارلىق ئەمەللىرىمىزنى ئۆزىنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن خالىس قىلىشنى، بىزنى ھەقىقەت ۋە ئىلىم يولىدا مۇستەھكەم قىلىشنى، بىزنى ئىسلام خىزمىتىگە مۇۋەپپەق قىلىشنى سورايمىز. پايدىسىز ئىلىمدىن، بويسۇنماس دىلدىن، تويماس نەفسىتىن، ئىجابەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمىز، ئامىن!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

www.uyghurkitap.com



# قىبلە ۋە قىبلىنى بېكىتىش ھەققىدە چۈشەنچە

ئەھمەد مەخسۇم خاقانى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھەممىگە مەلۇم ئىسلام دىنىدا قىبلە مۇقەددەس تەرەپ بولۇپ، ئىبادەتلىرىمىزنىڭ يۈز كەلتۈرۈش تەرىپىدۇر. شۇنداقلا ناماز ئۈچۈن رۇكنى بولۇپ، ناماز سىرتىدىكى ئالتە شەرتىنىڭ بىرىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:

**(نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار.**

—— سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 144 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

دەپ ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلىق ئۈستىگە يەنى بىر تەرەپكە يۈزلىنىشكە بۇيرۇغان. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى شەرق، غەرب، جەنۇب ياكى شىمالدا بولسۇن، نامازلىرىنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قاراپ ئادا قىلىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:" **(مۇشۇ) ئۆي مەسجىدكە كىرگەن كىشىلەر ئۈچۈن قىبلە، مەسجىد ـــ ھەرەم (مەككە شەھرى)دىكى كىشىلەر ئۈچۈن قىبلە، ھەرەم (مەككە) بولسا مېنىڭ ئۈممىتىمدىن شەرق ۋە غەربتىكى زېمىن ئەھلى ئۈچۈن قىبلە**" («تەپسىر مۇنىر» 2 ـ توم، 25 ـ بەت) دەپ ئوچۇق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ماۋاراۇننەھر ئۆلىمالىرى ئىتتىپاق بولۇپ: "بۇخارىيلارنىڭ قىبلىسى يازدىكى كۈن ئولتۇرغان ئەڭ ئاخىرقى ئورۇن بىلەن قىشتىكى كۈن ئولتۇرغان ئەڭ ئاخىرقى ئورۇننىڭ ئوتتۇرىسىنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئىككى ھەسسىسىنى ئوڭ قولغا، بىر ھەسسىسىنى سول قولغا ئالسا تېپىلىدۇ" دەپ كۆرسەتكەن. بۇرۇنقىلار مۇشۇ ئىجتىھاتقا ئەمەل قىلىپ قىبلە بەلگىلەپ كەلگەن.

كەئبەتۇللانىڭ تەرىپىنى بېكىتىش ئۈچۈن، ئەۋۋەل شۇ ئورۇننىڭ چۈش ۋاقتى سىزىقىنىڭ ئورنىنى بەلگىلەش لازىم بولىدۇ، بۇ ئىلىم ئىلمى ھەيئەت ۋە جۇغراپىيە، گېئومېترىيىگە ئائىت ئىلىمدۇر. ناماز ئوقۇغاندا يۈزنى قىبلىگە يۈزلەندۈرۈش پەرز ئەين بولغىنىدەك، ئۈممىتى ئىسلامىيە ئۈچۈن بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىش پەرز كىپايىدۇر.

تۆۋەندە ئىككى خىل ئۇسۇلدا قىبلە يۆنىلىشىنى بېكىتىش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ ھەر ئىككى خىل ئۇسۇلدا قىبلە بۇلۇڭى $Q$ نى ھېسابلاش زۆرۈر. قىبلە بۇلۇڭى $Q$ نى ھېسابلاش ئۇسۇلى ماقالە ئاخىرىدا بېرىلدى.

**1. كومپاس بىلەن بېكىتىش.** كومپاس بىلەن بېكىتكەندە، كومپاسنى تۆمۈر قۇرۇلمىلىق، بېتونلۇق جايدا ماگنىت مەيدانىنىڭ تەسىرىگە بىۋاستە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن تەخمىنەن 1 مېتىردىن ئېگىز بولغان تۈز ئورۇنغا قويىمىز. كومپاس ستېرىلكىسى شىمالنى كۆرسىتىپ توختىغاندىن كېيىن، كومپاسنىڭ غەربىي جەنۇب بۆلىكى بىلەن شەرقىي شىمال بۆلىكىنىڭ گرادۇس سانى بويىچە ئوق مەركىزىدىن $Q$ نۇقتىغا بىر سىزىق ئۆتكۈزىمىز، بۇ سىزىق دەل بىز ئىزدىگەن قىبلە تەرەپنى كۆرسىتىدۇ.

**2. چۈشتىكى سايىگە ئاساسلىنىپ بېكىتىش.** قۇياشنىڭ چىڭقى چۈش ۋاقتىدىكى ئېگىزلىك سايىسىنىڭ يەنى قۇياشنىڭ ئاسمان گۈمبىزىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كەلگەن ۋاقتىتىكى ئەڭ قىسقارغان سايىنىڭ




1 ـ شەكىل: چۈش ۋاقتى سىزىقنى تېپىش




2 ـ شەكىل: چۈش سىزىقى ئارقىلىق Q نىڭ ئورنىنى بېكىتىش

شىمال ـ جەنۇبقا ياتقان ئورنىدىن بىر سىزىق ھاسىل قىلىپ، ئۇنىڭ مەركىزىدىن شەرق ـ غەرب كېسىشكەن سىزىق ئارقىلىق 90° لۇقتىن تۆت بۆلۈك ھاسىل قىلىمىز. غەرب ـ جەنۇب بۆلۈكى (كوئوردىنات سىستېمىسىدىكى 3 ـ چارەك) نى ياي ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇپ، 90° قا ئاجرىتىمىز، $Q$ بۆلۈكىدىن مەركەز نۇقتىغا بىر سىزىق سىزغاندا، قىبلە يۆنىلىشى ھاسىل بولىدۇ(2 ـ شەكىل).

چۈش سىزىقنى تېپىش ئۈچۈن بىر دانە تۈز تاختاي ئۈستىگە 10 ـ 12 سانتىمېتىرلىق مىخنى O نۇقتىغا 90° لۇق تىك بۆلۈك ھالىتىدە قېقىپ ئاندىن تاختا يۈزىگە بىردىن ئۈچكە قەدەر مەركەزداش چەمبەر سىزىپ تاختاينى تۈز يەرگە قويۇپ سايىنى كۆزىتىمىز. ئەتىگەندىكى سايە قىسقىراپ سىرتقى چەمبەر ئۈستىگە كەلگەندە بەلگە Y نى قويىمىز. سايە ئىچكى چەمبەر ئۈستىگە كەلگەندە، بەلگە Z نى قويىمىز. قۇياش غەربكە ئۆتۈپ سايە تاشقىرىغا قاراپ ئۇزارغاندا، چەمبەرلەرنىڭ سايە ئۇچراشقان يېرىگە يەنە بەلگە قويىمىز. Y بىلەن Y نىڭ، Z بىلەن Z نىڭ ئوتتۇرىسىنى بەلگىلەپ، ئوتتۇرا نۇقتىلار بىلەن چەمبەر مەركىزى O دىن بىر تۈز سىزىق ئۆتكۈزسەك، چۈش ۋاقىت سىزىقى ھاسىل بولىدۇ(1 ـ شەكىل).

(دىققەت: ئۆلچەش تۈگىگىچە تاختاينى مىدىرلاتماسلىق لازىم)

## $Q$ بۆلۈكىنى بېكىتىش ئۇسۇلى

$Q$ بۆلۈكىنى تېپىش ئۈچۈن، خەرىتىدىن قىبلىسى ئىزدەلگەن ئورۇن بىلەن، قىبلە (مەككە) نىڭ كوئوردىنات (كەڭلىك ۋە ئۇزۇنلۇق) قىممەتلىرىنى توغرا ئۆلچەپ بېكىتىپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نىسبەتنى تېپىپ چىقىپ، يەنى كەڭلىك $A_1$ دىن كەڭلىك $A_2$ نى، ئۇزۇنلۇق (مېرىدىئان) $B_1$ دىن ئۇزۇنلۇق (مېرىدىئان) $B_2$ نى ئېلىۋېتىپ، $A_0$ نەتىجىنى $B_0$ نەتىجىگە بۆلۈشتىن كېلىپ چىققان بۆلۈنمىنىڭ تەتۈر ترىگونومېترىيىلىك فۇنكسىيە قىممىتىنى تاڭگېنس جەدۋىلىدىن ئىزدەش ئارقىلىق قىبلە بۆلۈكى $Q$ نىڭ قانچە گرادۇس ئىكەنلىكىنى تېپىشقا بولىدۇ. ھېسابلاش فورمۇلىسى تۆۋەندىكىچە:

$$Q = arctg\ \left(\frac{A_1 - A_2}{B_1 - B_2}\right)$$

مەسىلەن: ئۈرۈمچى شەھىرى (شەرقىي ئۇزۇنلۇق 87.6°، شىمالىي كەڭلىك 43.8°)، مەككە مۇكەررەمە (شەرقىي ئۇزۇنلۇق 39.8°، شىمالىي كەڭلىك 21.4°) نىڭ كوئوردىنات قىممەتلىرىنى يۇقىرىقى فورمۇلىغا سالساق:

$$Q = arctg\left(\frac{A_1 - A_2}{B_1 - B_2}\right) = arctg\left(\frac{43.8 - 21.4}{87.6 - 39.8}\right) = arctg\left(\frac{22.4}{47.8}\right) = arctg\,(0.4686) = 25.1^\circ$$

دېمەك، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قىبلىسى غەربتىن جەنۇبقا °25.1 بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدۇ(2 ـ شەكىل).

باشقا جايلارنىڭ قىبلىسىنىمۇ شۇ جاينىڭ كوئوردىناتى ئارقىلىق، يۇقىرىقى ھېسابلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ھېسابلاپ تېپىشقا بولىدۇ. تۆۋەندە رايونىمىزدىكى بىرقىسىم جايلارنىڭ مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا ھېسابلاپ چىقىرىلغان قىبلە بۇلۇڭى بېرىلدى:

**(مەككە مۇكەررەمەنىڭ كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق °39.8 ، شىمالىي كەڭلىك °21.4)**

| جاي ئىسمى | شەرقىي ئۇزۇنلۇق | شىمالىي كەڭلىك | قىبلە بۇلۇڭى | جاي ئىسمى | شەرقىي ئۇزۇنلۇق | شىمالىي كەڭلىك | قىبلە بۇلۇڭى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى | 87.6° | 43.8° | 25.1° | ئاقسۇ | 80.25° | 41.15° | 26.0° |
| قاراماي | 84.85° | 45.6° | 28.2° | كۇچار | 82.95° | 41.77° | 25.2° |
| تۇرپان | 89.2° | 42.95° | 23.5° | باي | 81.85° | 41.8° | 25.9° |
| غۇلجا | 81.45° | 43.95° | 28.4° | ئاتۇش | 76.15° | 39.7° | 26.7° |
| بۆرتالا | 82.1° | 44.9° | 29.1° | قەشقەر | 76.0° | 39.5° | 26.6° |
| چۆچەك | 82.95° | 46.75° | 30.4° | يەكەن | 77.25° | 38.4° | 24.4° |
| ئالتاي | 88.15° | 47.85° | 28.6° | قاغىلىق | 77.4° | 37.85° | 23.6° |
| شىڭگىل | 90.4° | 46.15° | 26.1° | خوتەن | 79.95° | 37.1° | 21.4° |
| قۇمۇل | 93.55° | 42.85° | 21.7° | گۇما | 78.3° | 37.6° | 22.8° |
| كورلا | 86.15° | 41.75° | 23.7° | قارىقاش | 79.75° | 37.25° | 21.6° |
| چەرچەن | 85.6° | 38.05° | 20.0° | كېرىيە | 81.85° | 36.85° | 20.2° |

يۇقىرىقى ئۇسۇل، فورمۇلىلاردىن پايدىلىنىپ قىبلە يۆنىلىشىنى بەلگىلەشنى ئۆگىنىش بۈگۈنكى كۈندە ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس. ئىلمىي ھېسابلاشلارنى ئېلىپ بارالايدىغان ئادەتتىكى ھېسابلىغۇچلارنىڭ ياردىمى بىلەن تانگېنىس جەدۋىلىگە تايانمايمۇ، قىبلە گرادۇسىنى ھېسابلاشقا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكىسىدىن خەۋەردارلار تېزلا ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن مەسجىد سېلىش قاتارلىق ئىشلاردا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىلمىي ھېسابلاش ئۇسۇللىرى بويىچە قىبلە يۆنىلىشىنى توغرا بەلگىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇنىڭدىن بۇرۇن سېلىنغان مەسچىتلەر مېھراپلىرى گەرچە يۇقىرىقىدەك ئىنچىكە ھېسابلاش ئىلمى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا سېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئەنئەنىۋى ھېسابلاش ئۇسۇللىرى بىلەن، چوڭ دائىرە جەھەتتىن ئاساسەن قىبلىگە قارىتىلىپ سېلىنغان بولغاچقا ئۇلارنى قايتا ئۆلچەپ ھېسابلاپ يۈرمىسەكمۇ بولىدۇ.

( ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن:
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# مىلادىيە يىلىنى ھىجرىيە يىلىغا ئايلاندۇرۇپ ھېسابلاشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرى

نۇرمەھەممەت ئابلەت

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

قەدىمكى مىسىرلىقلار نىل دەرياسىنىڭ كەلكۈن بېشى قاھىرە ئەتراپىغا كەلگەندە، شۇ ۋاقىت بىلەن بىرگە ئاسمان بورىسى بىلەن قۇياش بىر ۋاقىتتا كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتنى يىل بېشى قىلىپ بېكىتىپ، بىر يىلنى 365كۈن، 12 ئاي، ھەر ئاينى 30 كۈن، يىل ئاخىرىدا بەش كۈن بايرام قىلىپ يىل كالېندارىنى، يەنى قەدىمكى مىسىرنىڭ شەمسىيە كالېندارىنى تۈزگەن. بۇ كالېنداردىكى ۋاقىت ھازىر خەلقئارادا ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان مىلادى يىل ۋاقتى(يەنى قۇياش يىل ۋاقتى، يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن كەتكەن 365كۈن، 5 سائەت، 49 مىنۇت)دىن تۆت يىلدا بىر كۈن پەرق قىلغان.

تارىختا كۆپ قېتىملىق تۈزىتىشلەر ئارقىلىق مىلادى 1582-يىلى رىم پاپىسى گرىگورىئوس خرىستوس (رىۋايەتلەردىكى ئەيسا پەيغەمبەر)نىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ تۈزۈپ ھازىر پۈتكۈل دۇنيادا ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان مىلادى يىلنامىسى(كالېندارى)نى تۈزۈپ چىققان. شۇنداقتىمۇ غەربىي ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلغان ئەللەر دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ خاس كالېندارى — ھىجرىيە كالېندارىنى قوللىنىپ كەلمەكتە.

مىلادى كالېندارى يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىشىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈپ ھېسابلىنىپ بىر يىل 365كۈن، 5سائەت، 49 مىنۇت، يەنى بىر مىلادى يىلى تەخمىنەن 365.2 كۈن بولىدۇ. چوڭ ئايلار 31 كۈن. كىچىك ئايلار 30 كۈن، ئىككىنچى ئاي 28كۈن، تۆت يىلدا بىر (كەبىسە يىلدا) 29 كۈن بولىدۇ.

ھىجرىيە كالېندارى مىلادى 622-يىلى 7-ئاينىڭ 16-كۈنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان(كۆچكەن) ۋاقتىنى باشلىنىش قىلىدۇ. ھىجرىيە كالېندارىدا ھەر 15كۈندە بىر قېتىم ئاي تولۇش ۋە 15 كۈندە بىر قېتىم ئاي تۈتۈلۈش بىر ئاي، يېڭى ئاي چىققان كۈن شۇ ئاينىڭ 1-كۈنى، بىر يىل 12 ئاي بولىدۇ. تاق ئايلار 30كۈن، جۈپ ئايلار 29كۈن ھېسابلىنىپ، بىر يىل 354 كۈن، 8 سائەت، 48 مىنۇت، يەنى تەخمىنەن 354.4كۈن بولىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى كالېنداردىن شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى : بىر مىلادى يىلدا بىر ھىجرىيە يىلى 10كۈن 21 سائەت پەرق قىلىدۇ.

ئىقتىساد كۈنسېرى يەر شارىلىشىشقا يۈزلىنىۋاتقان، خەلقئارا ئالاقە كۈنسېرى قويۇقلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر، جۈملىدىن ھىجرىيە كالېندارىنى قوللىنىدىغان مۇسۇلمان ئەللىرى بىلەن مىلادى كالېندارىنى قوللىنىدىغان باشقا دىندىكى ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان تۈرلۈك دىپلوماتىيە ھۆججەتلىرى، دۆلەت، شىركەتلەر ئارا ئىمزالانغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي توختام ... قاتارلىقلاردا ۋاقىت تولدۇرغاندا ھەر قايسى تەرەپ ئۆزلىرى قوللىنىدىغان ھىجرىيە، مىلادى يىل ۋاقتىنى تەڭ تولدۇرۇشى مۇمكىن. مۇنداق ئەھۋالدا ھەر ئىككى تەرەپ تولدۇرۇلغان ۋاقىتنىڭ دەلمۇدەل ئىكەنلىكىگە گۇمان

www.uyghurkitap.com

بىلەن قارىشى مۇمكىن.

شىنجاڭ رايونىدىمۇ مىللىتىمىزنى ئاساس قىلغان ھالدا 10 - ئەسىردىن تاكى 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە (مىلادى يىل ھېسابى بويىچە 900 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت) ھىجرىيە كالېندارى قوللىنىلغان. شۇڭا بىز كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنى، ۋەسىقە - ھۆججەتلىرىمىزنى ئوقۇغىنىمىزدا ئەينى دەۋردىكى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەرگەن ۋاقىت، بەزى تارىخىي شەخسلەرنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان ۋاقتى، تەزكىرىلەردىكى ۋاقىتلار ۋە باشقا ۋاقىتلارنى ھىجرىيە يىل ھېسابى بويىچە ئۇچرىتىمىز.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان مىلادى كالېندارنى قوللىنىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان بۈگۈنكى كۈننىڭ ھىجرىيە نەچچىنچى يىلىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىشى ناتايىن.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللاردا مەلۇم ھىجرىيە يىلىنىڭ مىلادى نەچچىنچى يىلىغا، مەلۇم مىلادى يىلىنىڭ ھىجرىيە نەچچىنچى يىلىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلگىمىز كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا ھىجرىيە يىل ۋاقتىنى مىلادى يىل ۋاقتىغا، مىلادى يىل ۋاقتىنى ھىجرىيە يىل ۋاقتىغا ئايلاندۇرۇشنى ياخشى بىلىش كېرەك. بۇ ھەقتە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1996 - يىللىق 3 - سانىدا قۇربانجان مۇھەممەد نىياز ھىجرىيە يىل ۋاقتىنى مىلادى يىل ۋاقتىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ بىر قانچە ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنداقتا مىلادى يىل ۋاقتىنى ھىجرىيە يىل ۋاقتىغا ئايلاندۇرۇشنىڭمۇ ئۇسۇللىرى بارمۇ - يوق؟ بار.

تۆۋەندە مەن مىلادى يىل ۋاقتىنى ھىجرىيە يىل ۋاقتىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ بىر قانچە ئاددىي ئۇسۇللىرىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

1 - خىل ئۇسۇل: ئۇچراتقان مىلادى يىل سانىدىن ھىجرىيە يىلنامىسى باشلانغان مىلادى يىل سانى 622 نى ئېلىۋەتسەك ھىجرىيە يىلىنىڭ، ئۇچراتقان مىلادى يىلىدىن قانچە مىلادى يىل بۇرۇن باشلانغانلىقى كېلىپ چىقىدۇ. چىققان سانني مىلادى بىر يىل ئىچىدىكى كۈن سانى 365.2 گە كۆپەيتسەك، ھىجرىيە يىلنامىسى باشلانغاندىن بۇيان ئۆتكەن مىلادى يىل ھېسابىدىكى كۈن سانى كېلىپ چىقىدۇ. چىققان سانني ھىجرىيە بىر يىل ئىچىدىكى كۈن سانى 354.4 كە بۆلسەك ئېرىشمەكچى بولغان ھىجرىيە يىل ۋاقتى كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: مىلادى 2004 - يىلنىڭ ھىجرىيە نەچچىنچى يىلىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى.

$$(2004-622)\times 365.2\div 354.4$$
$$=1382\times 365.2\div 354.4$$
$$=1424$$

2 - خىل ئۇسۇل: ئۇچراتقان مىلادى يىلىغا مىلادى بىر يىل ئىچىدىكى كۈن سانى 365.2 نى كۆپەيتسەك، مىلادى يىل ھېسابى باشلانغاندىن بۇيان ئۆتكەن كۈن سانى كېلىپ چىقىدۇ . ھىجرىيە يىل ۋاقتى باشلانغان مىلادى يىل سانى 622 گە مىلادى بىر يىل ئىچىدىكى كۈن سانى 365.2 نى كۆپەيتسەك ھىجرىيە يىل ۋاقتى باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۆتكەن مىلادى يىل ھېسابىدىكى كۈن سانى كېلىپ چىقىدۇ. ئالدىنقى ساندىن بۇ سانني ئېلىۋەتسەك ھىجرىيە يىل باشلانغاندىن بۇيان ئۆتكەن مىلادى يىل ھېسابىدىكى كۈن سانى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ سانني ھىجرىيە بىر يىل ئىچىدىكى كۈن سانى 354.4 كە بۆلسەك، ئېرىشمەكچى بولغان ھىجرىيە يىل ۋاقتى كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

$$(2004\times 365.2-622\times 365.2)\div 354.4$$
$$=(731860.8-227154.4)\div 354.4$$
$$=1424$$

(يۇقىرىقى ئىككى خىل ھېسابلاش ئۇسۇلىدا ئونلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىنكى سانني نەزەردىن ساقىت قىلىمىز)

3 - خىل ئۇسۇل: ئۇچراتقان مىلادى يىل ساندىن 1 - خىل ئۇسۇلغا ئوخشاش 622 نى ئېلىۋېتىمىز. بۇ سانني 33 كە بۆلسەك (100 ھىجرىيە يىلى 97 مىلادى يىلىغا تەڭ، 33 ھىجرىيە يىلىدا مىلادى بىر يىل كېمىيىپ بارىدۇ) مىلادى يىل ۋاقتى ھىجرىيە يىلنامىسى باشلانغاندىن بۇيان قانچە ھىجرىيە يىل كەم ھېسابلىنىدىغانلىقى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ سانني ئالدىنقى سانغا قوشۇپ بەرسەك ئېرىشمەكچى بولغان ھىجرىيە يىل ۋاقتى كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

$$2004-622=1382$$
$$1382\div 33=41.87\approx 42$$

(ئونلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىنكى سان پۈتۈن ئېلىنىدۇ)

1382+42=1424

بۇ ئۇسۇللاردا توسالغۇسىزلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىمىز. بۇ ئۈچ خىل ئۇسۇل بىلەن ھېسابلىنىپ چىقىلغان نەتىجىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولسىمۇ، بىراق ئېرىشكەن ھىجرىيە يىل ۋاقتىنىڭ، ھىجرىيە يىل ۋاقتىغا ئايلاندۇرغان مىلادى يىلىغا ھەممىسىنىڭ دەل كېلىشى ناتايىن. بەزى ھاللاردا ھېسابلىنىپ چىقىلغان ھىجرىيە يىل ۋاقتى بىلەن ئەمەلىي كالېندار بويىچە ھېسابلىنىپ كېلىنىۋاتقان ھىجرىيە يىل ۋاقتى ئوتتۇرىسىدا بىر يىل خاتالىق پەرقى كېلىپ چىقىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بۇنداق بولۇشى تەبىئىي. چۈنكى مىلادىيەنىڭ بىر يىلى ھىجرىيىنىڭ ئىككى يىلىغا تەڭ چىشلەيدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. مەسىلەن: ھىجرىيە 1425-يىلى مىلادى 2004-يىلى ۋە 2005-يىلىغا، ئوخشاشلا مىلادى 2004-يىلى ھىجرىيە 1424-يىلى ۋە 1425-يىلىغا تەڭ چىشلەيدۇ. ھىجرىيە 1425-يىلى مىلادى 2004-يىلى 2-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 2005-يىلى 2-ئاينىڭ 10-كۈنىگىچە بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز يۇقىرىقى ھېسابلاش ئۇسۇللىرىنى 2004-يىل 2-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن بۇرۇن ئېلىپ بارغان بولساق كېلىپ چىققان ھىجرىيە يىل سانى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ چىقىدۇ. كېيىن ئېلىپ بارساق، ئەمەلىيەتتىكى ھىجرىيە يىل سانىدىن بىر يىل كەم چىقىدۇ. (چۈنكى مىلادى 2004-يىلى 2-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن باشلاپ ھىجرىيە 1425-يىلى باشلىنىدۇ) ئوخشاشلا بۇ ھېسابلاش ئۇسۇللىرىنى 2005-يىلى 2-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن بۇرۇن ئېلىپ بارساق كېلىپ چىققان ھىجرىيە يىل سانى 1425-يىلى مىلادى 2005-يىلىغا دەل بولۇپ چىقىدۇ.

دېمەك، قايسى خىل ئۇسۇلدا ھېسابلاشتىن قەتئىينەزەر مىلادى 2004-يىلى ھىجرىيە 1424-يىلىغا، مىلادى 2005-يىلى ھىجرىيە 1425-يىلىغا ماس كېلىدىغان بولۇپ چىقىدۇ. ئالدىنقىسىدا بىر يىل خاتالىق پەرقى كۆرۈلسە كېيىنكىسى دەل بولۇپ چىقىدۇ. مىلادى يىلىنى ھىجرىيە يىلىغا ئايلاندۇرۇپ ھېسابلاشتا بۇ ئۇسۇللارنى ئورتاق قوللىنىشقا بولىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى: پۈتكۈل دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئورتاق پەرز بولغان يىلدا بىر ئاي روزا تۇتۇش. ھىجرىيە ھەر يىلى رامىزان ئېيى (9-ئاي) مەزگىلى (30كۈن) ئىكەنلىكىگە ئاساسلىنىپ ھەمدە ھىجرىيە يىلدا تاق ئاينىڭ 30كۈن، جۈپ ئايلارنىڭ 29كۈن ئىكەنلىكىگە ئاساسەن. ھېسابلاپ چىقىلغان ھىجرىيە يىل ۋاقتىنىڭ بىر يىل خاتالىق پەرقىنى تۈزەتكىلى، ھەتتا ئاي. كۈنلىرىگىچە ئېنىقلاپ چىقىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: ئاتۇش شەھرىدىن:
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



www.uyghurkitap.com

# ئەيدىز كېسەللىكى

# شىنجاڭدا قورقۇنچلۇق ھالدا يامرىماقتا

2005-يىلى پۈتۈن يەر شارىدا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار 40مىليون 300 مىڭغا يەتكەن. مەملىكىتىمىزدىمۇ 2005-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار 650مىڭدىن ئاشقان. ئەيدىز كېسەللىكى دۆلەت، مىللەت ۋە خەلققە پۈتمەس-تۈگمەس بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان «ۋابا»سۈپىتىدە شىنجاڭ رايونىدىمۇ بارغانسېرى يامرىماقتا. ئىگىلىنىشىچە، 2005-يىل 9-ئايغىچە، شىنجاڭدىكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 11مىڭ 303كىشىگە يېتىپ، سان جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 4-ئورۇندا تۇرىدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدىكى يۇقۇملىنىش نىسبىتى 0.35% كە يېتىپ، قورامىغا يەتكەنلەرنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى 0.5%كە يېتىپ، يۇقۇملىنىش نىسبىتى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان. دېمەك، نۆۋەتتە شىنجاڭدا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ يامراش ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتكۇدەك قورقۇنچلۇق ھالەتكە يەتكەن.

2001-يىلى 9-ئايدىكى مەلۇماتتا، شىنجاڭدىكى ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 5755 ئىدى، 2005-يىلى 9-ئايغا كەلگەندە بۇ سان كۆپىيىپ، 11 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، تۆت يىلدا بىر ھەسسە ئاشقان.

رايون نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ئەيدىز كېسەللىكى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ئاساسلىقى ئۈرۈمچى، غۇلجا شەھەرلىرىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ ئىككى جايدىكى يۇقۇملانغۇچىلار پۈتۈن شىنجاڭدىكى يۇقۇملانغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 83.5%نى ئىگىلەيدىكەن. ئەمما ھازىر كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان ئەھۋال شۇكى، يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى بۇ دائىرە ئۈزلۈكسىز كېڭەيمەكتە. ئاقسۇ، قەشقەر، سانجى، بايىنغولىن قاتارلىق جايلاردىمۇ يۇقۇملانغۇچىلار تېزدىن كۆپىيىپ، شىنجاڭدىكى 99 ناھىيە، شەھەرنىڭ 80%دە ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار بايقالغان(ئەلۋەتتە بۇ ھەرگىزمۇ قالغان 20% ناھىيە، شەھەردە يۇقۇملانغۇچىلار يوق دېگەنلىك ئەمەس. تېخى بايقالمىغانلارمۇ بار).

گەرچە شىنجاڭدا ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى ۋېنا تومۇرىغا زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش ئارقىلىق تارقىلىشنى ئاساس قىلسىمۇ، ئەمما نۆۋەتتە قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگۈچىلەر ۋە ئادەتتىكى كىشىلەر توپىغا قاراپ تېزلىكتە يامرىماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە جىنسىي يول ئارقىلىق يۇقۇملىنىش نىسبىتى 1999-يىلدىكى 0.15%تىن 2005-يىلىغا كەلگەندە 4.4%كە كۆپىيىپ 28.3 ھەسسە ئاشقان. بولۇپمۇ ھامىلدار ئاياللار ۋە بوۋاقلار ئىچىدىكى يۇقۇملانغۇچىلار يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. شىنجاڭ بويىچە يۇقۇملانغان ھامىلدار ئاياللارنىڭ سانى 2003-يىلى 10-ئايدىن ئىلگىرىكى 32دىن كۆپىيىپ، 2005-يىلىغا كەلگەندە 272كە يېتىپ، 7.5 ھەسسە ئاشقان. 2005-يىلى بىر يىلدىلا ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان 147 بوۋاق بايقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر غۇلجا شەھىرىدە يۇقۇملانغان

381 بالا پاناھلىنىشقا موھتاج بولۇۋېتىپتۇ.

ئېگىلىنىشىچە، شىنجاڭدىكى يۇقۇملىنىش ئەھۋالىدا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئالاھىدىلىك بار ئىكەن:

بىرىنچىدىن، ۋېنا تومۇرىغا زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرغۇچىلار كۆپ بولۇپ، بۇنداقلار ئومۇمىي يۇقۇملانغۇچىلار سانىنىڭ 85.7% نى ئىگىلەيدىكەن؛

ئىككىنچىدىن، 20 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان ئەرلەر كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئومۇمىي سانىنىڭ 89.4%نى ئىگىلەيدىكەن؛

ئۈچىنچىدىن، ئازسانلىق مىللەتلەر كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 84%نى ئىگىلەيدىكەن؛

تۆتىنچىدىن، نامراتلار كۆپ بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئىقتىساد ئاجرىتىپ بۇ مەرەزنى داۋالىتىشتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسكەن، شۇڭا ئۇلار پەقەت ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىشقىلا مەجبۇر بولىدىكەن.

يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇمات ۋە ئەمەلىي ئەھۋالدىن مەلۇمكى، ئەيدىز كېسىلى نۆۋەتتە ھەممە ساھە يۇقىرى دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك قەبىھ ئاپەتكە ئايلىنىپ قالدى. گەرچە دۆلەت ۋە شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى جەھەتتە نۇرغۇن سىياسەت-تەدبىرلەرنى قوللانغان، نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىزمەت جەمئىيەتتىكى بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاتلاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇداپىئە ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ ئىشلەشكە تېگىشلىك تەخىرسىز ئىش بولۇپ قالدى، شۇنداق قىلغاندىلا، بۇ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ خەلقىمىزنىڭ، جۈملىدىن مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ تەن ساغلاملىقىغا، ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا كەڭ مۇسۇلمانلار بۇ ۋابانىڭ خەۋپ-خەتىرىنى يۇقىرى دەرىجىدە تونۇپ يېتىشى، بولۇپمۇ دىنىي زاتلىرىمىز ۋەز-تەبلىغكە بىرلەشتۈرۈپ، ئايەت-ھەدىسلەردىن نەقىل ئېلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى، شۇنداقلا كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى ھارام ئىشلار، ھارام نەرسىلەرنىڭ ئەجەللىك زىيىنى توغرىسىدا كەڭ جامائەتچىلىككە تەشۋىق قىلىپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى جەھەتتە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلىرىمىزنى بۇ ۋابادىن ساقلىغاي، ئامىن! (ھاجى مەھمۇدى)

(بېشى 64 - بەتتە)

1980 - يىلىدىن باشلاپ گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىدا باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغان. 1993 - يىلىدىن باشلاپ 6 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ9 - نۆۋەتلىك ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 2000 - يىلىدىن تا ۋاپات بولغانغا قەدەر 7 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.

ھاجى مۇھەممەد ھەنەفىي ۋەن ياۋبىننىڭ ھاياتى - دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر. دىن ئىشلىرى ئۈچۈن چەكسىز سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغان، مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ، ھارماي - تالماي كۈرەش قىلغان ھاياتتۇر. ئۇ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە دۇرۇس، ئوچۇق - ئاشكارا، پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، ئادىل، پاك - دىيانەتلىك، ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىدىغان، كەڭ قورساق، ئىنتىزامچان، توغرا ئىستىللىق، سەممىي - ساداقەتلىك بىر زات ئىدى. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولۇپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، دىن، مائارىپ، دىپلوماتىيە ۋە ئىلمىي - مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، مەملىكىتىمىز ئىسلامىيەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقانىدى. ياراتقان ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا قىلغاي، ئامىن! (ب)

# ھاجى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى



**ئۆز خەۋىرىمىز:** دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى، ئىسلام ئىلمى ۋە ئىسلام مائارىپى ساھەسىدىكى ئاتاقلىق ئەرباب، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى ھاجى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن كېسەل سەۋەبى بىلەن 2006 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تاڭ سەھەر سائەت 3تە 73 يېشىدا بېيجىڭدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

ھاجى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىننىڭ جەستى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۈ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىچېن، ئابلەت ئابدۇرىشىت، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ قاتارلىق رەھبەرلەر تەزىيە بىلدۈرۈش سىپىتىدە. مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ شىمىن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن ۋاڭ زوئەن، چى شياۋفېي، جياڭ جيەنيۇڭ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى 2 - ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇ نىڭ قاتارلىق رەھبەرلەر؛ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار، مەركەز ۋە بېيجىڭ شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئىسلام دىنى، ئىلىم - پەن، مائارىپ ساھەسىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى ۋىدالىشىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىدىن ھال سورىدى. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرى تېلېفون بېرىپ ياكى تېلېگراممىا يوللاپ، ھاجى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىننىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ھال سورىدى. ۋىدالىشىش مۇراسىمىدىن كېيىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زالىدا جىنازا نامىزى چۈشۈرۈلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، بېيجىڭ شەھىرىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بولۇپ 400 دەك ئادەم جىنازا نامىزىدا تۇردى. جىنازا نامىزىدىن كېيىن مەرھۇمنىڭ جەستى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى رەھبەرلىرى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بېيجىڭ شەھەرلىك مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

ھاجى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن كېسەللىك ئېغىرلىشىپ دوختۇرخانىدا ياتقان مەزگىلدە، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى دوختۇرخانىغا بېرىپ ياكى ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن كۆڭۈل ئىزھار قىلىشقانىدى.

ھاجى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېن مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىدىن ھال سورىدى ھەم مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۈ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭنىڭ سەممىي سالىمىنى ۋە چوڭقۇر تەزىيىسىنى يەتكۈزدى. ھاجى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن 1932 - يىلى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋېنئەن ناھىيىسىدە خۇيزۇ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1952 - يىلى بېيجىڭ مۇسۇلمانلار ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1956 - يىلى جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى سىرتتىن ئوقۇتۇش بۆلۈمىنىڭ سىياسىي ئىقتىساد فاكۇلتېتى سانائەت ئىقتىسادى كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1955 - يىلدىن باشلاپ جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ لېكتورى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئىشخانىسى ۋە ئالاقە باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1978 - يىلدىن باشلاپ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قوشۇمچە ئىشخانا مۇدىرى بولغان.

(ئاخىرى 63 - بەتتە)

## پادىشاھ ئابدۇللا بىن ئابدۇل ئەزىز جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز: مەملىكىتىمىزدە رەسمىي زىيارەتتە بولۇۋاتقان سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللا بىن ئابدۇل ئەزىز 2006 - يىل 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتە بېيجىڭدىكى دىياۋيۇتەي دۆلەت مېھمانخانىسىدا جەمئىيىتىمىزنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سەممىي كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشكە جەمئىيىتىمىزنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۋاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، مۇھەممەد سىددىق ما جۇڭجې، مەسلىھەتچىلەردىن نوئمان ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىدىن ئىبراھىم خۇڭ چاڭيو، مۇستاپا ياڭ جىبو، بارات رەجەپ قاتارلىقلار قاتناشتى.

رەئىس ھىلالىدىن چېن گۋاڭيۈەن ئاخۇن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى 20 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمانغا ۋاكالىتەن پادىشاھ ئابدۇللا بىن ئابدۇل ئەزىزنىڭ مەملىكىتىمىزنى رەسمىي زىيارەت قىلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى مەسئۇللىرى بىلەن سەممىي كۆرۈشكەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن تەشەككۈر ئېيتتى. ئۇ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى مۇسۇلمانلىرىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇرلۇقىنى، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو ئىسلامىيەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە، بولۇپمۇ جۇڭگو ھەج - تاۋاپ قىلغۇچىلىرىغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىپ، ياردەمدە بولغانلىقىغا ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى ۋە پادىشاھ ئائىلىسىرىغا بولغان چوڭقۇر سالىمى ۋە ھۆرمىتىنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يەنە 1998 - يىلى پادىشاھ ئابدۇللا بىن ئابدۇل ئەزىزنىڭ پادىشاھ فەھد ئائىلىسىنىڭ ۋەلى ئەھدىسى سۈپىتىدە جۇڭگونى زىيارەت قىلغان ۋاقتىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە نىيۇ جيې مەسچىتىگە كېلىپ قىلغان ئەھمىيەتلىك زىيارىتىنى ئەسلەپ ئۆتتى.

پادىشاھ ئابدۇللا بىن ئابدۇل ئەزىز كۆرۈشۈشكە قاتناشقان رەھبەرلەردىن سەممىي ھال سورىدى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا بولغان سەممىي سالىمى ۋە گۈزەل ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى ھەمدە: " سەئۇدى ئەرەبىستانى بولسا ئىسلام دۆلىتىدۇر، بىزلەر مۇسۇلمان قېرىنداشلار، بۈگۈن سىلەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمدىن كۆپ خۇرسەنمەن. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلام ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈمگە رىئايە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن" دېدى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ئىئانە ئاتىدى. كۆرۈشۈشكە يەنە پادىشاھ بىلەن بىرگە جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بارلىق ئۈمەك ئەزالىرى قاتناشتى. (ب)

## ئىئوردانىيە پادىشاھى ئابدۇللا II جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى

ئۆز خەۋىرىمىز: مەملىكىتىمىزدە رەسمىي زىيارەتتە بولۇۋاتقان ئىئوردانىيە پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللا II 2005 - يىل 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدىكى جۇڭگو بۈيۈك مېھمانخانىسىدا جەمئىيىتىمىزنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سەممىي كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشكە جەمئىيىتىمىزنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۋاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئىبراھىم خۇڭ چاڭيو، ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زۇڭشەن قاتارلىقلار قاتناشتى.

پادىشاھ ئابدۇللا II كۆرۈشۈشكە قاتناشقان رەئىس ھىلالىدىن چېن گۋاڭيۈەن قاتارلىق رەھبەرلەردىن سەممىي ھال سورىدى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا بولغان سەممىي سالىمى ۋە گۈزەل ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى، ئۇ: " ھەممىگە مەلۇم، ئىسلام دىنى تىنچلىق ۋە كەڭ قورساقلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىندۇر. بىز ئۆزئارا چوقۇم ئىتتىپاقلىشىپ، ئىناق ئۆتىشىمىز كېرەك "دېدى ھەم رەئىس ھىلالىدىن چېن گۋاڭيۈەن قاتارلىقلارنى 2005 - يىل 7 - ئايدا ئىئوردانىيىنىڭ ئاممان شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن "ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتى ۋە ھازىرقى جەمئىيەتتىكى رولى" دېگەن تېمىدىكى خەلقئارالىق تەتقىقات يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئاممان خىتابنامىسى»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن خەۋەردار قىلدى.

رەئىس ھىلالىدىن چېن گۋاڭيۈەن ئاخۇن پادىشاھ ئابدۇللا II گە ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرىش تارىخى ۋە جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇ جۇڭگو - ئىئوردانىيە مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ ناھايىتى چوڭقۇرلۇقىنى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىئوردانىيە ھۆكۈمىتى ۋە پادىشاھ ئائىلىسىرىغا بولغان چوڭقۇر سالىمى ۋە ھۆرمىتىنى يەتكۈزدى. ئۇ يەنە مەملىكىتىمىزدىكى 20 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمانغا ۋاكالىتەن پادىشاھ ئابدۇللا II نىڭ مەملىكىتىمىزنى رەسمىي زىيارەت قىلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ زىيارىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. (ب)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

## 2006 ـ يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەلى لىيۇ شۇشياڭ ئۆمەك باشلىقى، شىنجاڭ مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى رىشىت نىياز، گەنسۇ ئۆلكىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما شۆجى، نىڭشيا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدرىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما چىڭ. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3 ـ مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماجىن، چىڭخەي ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى گەن لياڭسەي قاتارلىقلار مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئىمادۇددىن ۋېن جيەن باش كاتىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئىسلام دىنى ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرەم، خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇسا چېن يۈيلۇڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 1 ـ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ما جىن قاتارلىقلار مۇئاۋىن باش كاتىپ بولۇپ تەشكىللەنگەن جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇرۇپ، جۇڭگودىن بارغان ھاجىلارنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىشىغا مۇلازىمەت خىزمىتىدە بولدى.

بۇ يىل جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەملىكىتىمىزنىڭ 22ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونىدىن 6944 مۇسۇلماننى ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى شەيخ زائىد خەيرىيەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئورگىنىنىڭ تەكلىپى بىلەن جەمئىيىتىمىز ئورۇنلاشتۇرغان 15 كىشىدىن تەركىپ تاپقان ھەج ئۆمىكىمۇ 2006 ـ يىللىق ھەج پائالىيىتىگە قاتناشتى. سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى گېزىت ـ ژۇرناللىرىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، بۇ يىل دۇنيا بويىچە مۇقەددەس زېمىنغا كېلىپ ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ سانى 2مىليون 530 مىڭ 594 كىشى بولۇپ، بۇلاردىن چەتئەلدىن كەلگەن ھاجىلار 1 مىليون 557 مىڭ 447 كىشى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئۆزىدىن ھەج قىلغۇچىلار 973مىڭ 147 كىشى بولغان. چەتئەلدىن كەلگەن ھاجىلارنىڭ ئىچىدە ھىندونېزىيەدىن 205 مىڭ، پاكىستاندىن 165مىڭ، ئىراندىن 94مىڭ، تۈركىيەدىن 85مىڭ، مىسىردىن 55مىڭ، مالايسىيادىن 40مىڭ، ئەنگلىيەدىن 23مىڭ 690، گېرمانىيەدىن 17مىڭ، رۇسىيەدىن 13مىڭ كىشى ھەج تاۋاپقا قاتناشقان، ئىسلام دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىدىن سېنېگالنىڭ زۇڭتۇڭى ئابدۇللاھ ۋادى، گامبىيەنىڭ زۇڭتۇڭى يەھيا غامى، جىبۇتىنىڭ زۇڭلىسى مۇھەممەد دىلېتا قاتارلىقلارمۇ مۇقەددەس زېمىنغا كېلىپ بۇ يىلقى ھەج تاۋاپقا قاتناشتى.

جۇڭگو ھاجىلىرى 2005 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھۆددىگە ئالغان 20 ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭ، لەنجۇ، كۈنمىڭ ۋە ئۈرۈمچى ئارقىلىق يولغا چىقىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ساق ـ سالامەت يېتىپ باردى.

جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى دۆلىتىمىزنىڭ بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ جىددە شەھرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ھەمكارلىششى بىلەن، جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ھاجىلارنىڭ ھەج تاۋاپ پەرزىنى ئوڭۇشلۇق، ئازادە ۋە خاتىرجەم ئادا قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا مەككە، مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئالدىن ياتاق تەييارلاش، ئايرودرومدا كۈتۈۋېلىش، ئۇزىتىش، شۇنىڭدەك مىنا، ئەراپات رايونىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرار ـ جاي، قاتناش ئىشلىرىنى ھەل قىلىش ھەمدە ھاجىلارنىڭ كۈندىلىك ئۇچراپ تۇرىدىغان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش، ئاخىرىدا ھاجىلارنى تۈركۈمگە بۆلۈپ ۋەتەنگە يولغا سېلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش خىزمەتلەرنى ئورۇنداپ ھاجىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى ھەج مەزگىلىدە، جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى ھاجىلارغا خىزمەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خارىجى ئىشلارغا دائىر بىر قاتار پائالىيەتلەردە بولدى: ئۆمەك باشلىقى ئەلى لىيۇ شۇشياڭ بىلەن مۇئاۋىن باش كاتىپ ئادىل ھاجى كېرەم قوش ھەرەم شېرىپ خادىمى، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ پادىشاھ مۇراسىمى ۋە پادىشاھ زىياپىتىگە داخىل بولدى، ئۆمەك باشلىقى ئەلى لىيۇ شۇشياڭ جۇڭگونىڭ جىددە شەھرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ناسىر چاڭ يى ۋە بىر قىسىم ئۆمەك ئەزالىرى ھەمراھلىقىدا، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا بىن ئابدۇل مۇھسىن ئەلتۈركىنى زىيارەت قىلىپ، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئۆمىكىنى كۆپ يىللار كۈتكەنلىكىگە تەشەككۇر ئېيتتى: دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنىڭ رەئىسى دوكتور ئەھمەد مۇھەممەد ئەلىنى زىيارەت قىلىپ، بۇ بانكىنىڭ جۇڭگو ئىسلام مائارىپى قاتارلىق جەھەتلەردە بېرىۋاتقان ياردىمىگە رەھمەت ئېيتتى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇردى : شەرقي جەنوبىي ئاسىيا ئەللىرى ھاجىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئورگىنىنىڭ رەئىسى ئەلى ياسىننى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگو ھاجىلىرىغا ئەلا مۇلازىمەت قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى ۋە ھەج مۇلازىمىتىگە دائىر كونكرېت مەسىلىلەر ھەققىدە دوستانە پىكىر ئالماشتۇردى: ئۆمەك مەسئۇللىرى يەنە ھەج ۋازارىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇھاكىمە يىغىنى ۋە زىياپىتىگە قاتناشتى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كونا دوستلىرىنى يوقلىدى، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىدىن خەۋەردار قىلدى.

بۇ قېتىمقى ھەج مەزگىلىدە، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ «ئۇكاز»، «ئىسلام دۇنياسى» قاتارلىق گېزىتلىرى جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەربابلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدە سۈرەتلىك خەۋەرلەرنى بەردى. جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى 2005 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تۇنجى ئايروپىلاندا ماڭىدىغان ھاجىلار بىلەن بىللە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا مېڭىش ۋاقتىدا، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3 ـ مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چېنجېن ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى قاتارلىقلار لەنجۇ جۇڭچۈەن.

ئايروپورتىغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويغانىدى. جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلىپ 2006-يىل 2-ئاينىڭ 6-كۈنى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن شەمشىدىن ھاجى، ھاجى بارات رەجەپ، ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد قاتارلىقلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن ئىلگىرى-ئاخىر ئالايىتەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، شىنجاڭلىق ھاجىلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ۋە قارشى ئېلىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى.

(ئادىل ھاجى كېرەم)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت ئۆتكۈزدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2006-يىل 1-ئاينىڭ 9-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭدا تەنتەنىلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، بېيجىڭدىكى جۇڭگو ۋە چەتئەللىك مۇسۇلمان دوستلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. زىياپەتكە 300دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

دۆلەت رەھبەرلىرىدىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يەندۇڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى بەي لىچېن(خۇيزۇ)، ئابلەت ئابدۇرېشىت، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىقلار؛ شۇنداقلا مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېن، دۆلەت دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لۈ گورېڭ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مو بېنلى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەت-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى جىنيو قاتارلىق رەھبەرلەر زىياپەتكە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى بايرىمىنى بىللە ئۆتكۈزدى.

زىياپەتتە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن تەبرىك سۆزى سۆزلەپ، جۇڭگو ۋە چەتئەللىك مۇسۇلمان قېرىنداشلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى ۋە ئۇلارنىڭ قۇربان ھېيتىنى قىزغىن تەبرىكلەپ، ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلىدى.

تەكلىپكە بىنائەن، ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ مەملىكىتىمىزدە خىزمەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمان مۇتەخەسسىسلىرى؛ مەركەز ۋە بېيجىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بېيجىڭدىكى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھەيئەت ئەزالىرى؛ بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى؛ جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى، بېيجىڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدەررىس ۋە تالىپلار ۋەكىلى؛ بېيجىڭدىكى بىر قىسىم مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى مۇسۇلمان مۇتەخەسسىس-ئالىملار زىياپەتكە قاتناشتى.(ب)

▼ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2005-يىلى 12-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 9-كۈنىگىچە ئاقسۇ شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىنغا 9 ناھىيە(شەھەر)دىكى دىنىي زات ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمان ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 91 كىشى قاتناشتى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى جارۇللا ھىسامىدىن قاتارلىق ۋىلايەت رەھبەرلىرى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار مەسئۇللىرى قاتناشتى. يىغىندا ئالدىنقى نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىدىن دوكلات بېرىلدى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ھەم ماقۇللاندى. سالام ئارقىلىق رەھمىتۇللا ھىدايەت بۇ قېتىملىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە، ئابدۇسالام تۇنىياز (مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن رەئىس)، ئابدۇمۇھەممەت گېنى، ئابلىكىم ئۆمەر، ئابلىمىت يەھيا، ئابلا ئايۇپلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. ( ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▼ **تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ** سېپەرۋەرلىكىدە يەرلىك دىنىي ساھەدىكىلەر ئۈچ بايرام مەزگىلىدە ئىئانە قىلىش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، 2006-يىل 1-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 110مىڭ 757يۈەن پۇل، 22 تونna كۆمۈر، 50 خالتا ئۇن ئىئانە توپلاپ، مائارىپقا، نامراتلارغا ياردەم قىلدى.

(شەھمەردان ئىمىنىياز)

▼ 2005-يىل 10ئاينىڭ 31-كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك 5-سانلىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا 70 كىشى قاتناشتى. يىغىندا «خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملار ۋە ئېتىقادچى ئاممىغا چىقارغان تەشەببۇسنامىسى» ماقۇللاندى. 2005-يىللىق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش، تارقىتىش خىزمىتىدە ئىلغار بولغان ئورۇنلار تەقدىرلەندى. (ھەبىبۇللا مەتسەيدى )

▼ **گۇما ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ** تەشكىللىشى بىلەن كۆكتېرەك يېزىسى، گۇما بازىرىدىكى 200 دىنىي زاتقا پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بويىچە لېكسىيە سۆزلەندى. (ئابدۇلئەھەت ئالىم)

▼ **مەكىت ناھىيە** قىزىلئاۋات يېزىلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيىتى 2005-يىل 12-ئاينىڭ 16-كۈنى يېزا تەۋەسىدىكى 62 غەسسالە. بۇۋىمەلەرنى يىغىپ تەربىيىلەپ، مېيىت يۇيۇش، ئۆلۈم ئۇزىتىش ئىشلىرىنى قېلىپلاشتۇردى. (ئابدۇرېشىت ۋاسىل)

▼ **مارالبېشى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى** ئاساسىي قاتلاملاردا مېيىت يۇغۇچى كەم بولۇشتەك ئەھۋالغا ئاساسەن 2005-يىل 12-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 7-كۈنىگىچە ئەرلەردىن ئىككى قارار كۇرس ئاچتى. كۇرسقا 91 ئادەم قاتناشتى. (ق ۋ ئى ج)

▼ **تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە** تۇنجى قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى يىغىنى2005-يىل 11-ئاينىڭ 17-كۈنى چاقىرىلىپ، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى. يىغىنغا تاجىك، قىرغىز، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، 64 كىشى قاتناشتى. يىغىندا بۇ قېتىملىق جەمئىيەتنىڭ 45 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى، 7 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، شامىخان(تاجىك) جەمئىيەت رەئىسلىكىگە، سەدىردىخان (تاجىك) مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئافىيەت (تاجىك) باش كاتىپلىققا سايلاندى.

(ق ۋ ئى ج)

▼2005 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 16 - قارارلىق ۋەزىپىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش كۇرسى ئاچتى، ۋاقتى ئۈچ ئايلىق بولغان بۇ قېتىمقى كۇرسقا دىنىي بىلىمى تۆۋەن زاتلاردىن 85 كىشى قاتناشتى.

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

▼كېرىيە ناھىيىسىدە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىغان دىنىي زاتلار 165كە يەتتى، ئۇلار بېيىغاندا ئېسىل پەزىلىتىنى نامايان قىلىپ، مەكتەپلەرگە 47مىڭ 554يۈەن، نامرات ئائىلىلەرگە 50مىڭ 169يۈەن، ھەر قايسى يېزا - بازارلارنىڭ كەنت يولى قۇرۇلۇشى ۋە كۆۋرۈك سېلىنىشىغا 82مىڭ 886يۈەن ئىئانە قىلدى.

(كېرىيە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

▼يېڭىسار ناھىيىسى توپلۇق يېزىسىدىكى 35 دىنىي زات بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە 3144 يۈەن پۇل ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلاپ، ياردەمگە موھتاج 84ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى. (ھەسەن ئەمەت)

▼بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەكىت ناھىيىسىنىڭ قىزىلئاۋات يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار 1500 يۈەن پۇل، 2500 جىڭ ئاشلىق يىغىش قىلىپ، يېزىدىكى يېتىم - يېسىر، نامرات ئائىلىلەردىن ھال سورىدى. (ئابدۇرېشىت ۋاسىل، روزى توختى)

▼قاغىلىق ناھىيە چوپان يېزا تۆۋەنكى ئۆراڭ كەنتى مەدرىس مەسچىتىنىڭ ئىمام - خاتىپى **تۇراخۇن مۇھەممەد** يېقىندا قىيىنچىلىقى بارلارغا 2060 يۈەنلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكى ياردەم قىلدى.

(مۇساجان ياسىن، ئىدرىس قۇددۇس)

▼لوپ ناھىيە بازىرىدىكى دىنىي زاتلار 2000 يۈەن يىغىش قىلىپ، ئۆتكەن يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بازارلىق ياشانغانلار ساناتورىيىسىگە ئىئانە قىلدى.

(تۇرسۇنتوختى مەمتىمىن، غوجائەھمەد مەھەممەت)

▼بۇ يىل قۇربان ھېيت ھارپىسىدا شايار ناھىيە تويبولدى يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار ۋە ئامما جەمئىي 15مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل ۋە ماددىي لازىمەتلىك بىلەن ئاجىز، نامرات،غېرىب يۇرتداشلىرىنى يوقلىدى. (ئەھەت مۇھەممەت، ياسىنجان ئەھەت)

▼مەكىت ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، 5 - رايون ھېيگاھ مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئابلا قارىھاجى ئوسمان روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن 3300 يۈەن چىقىرىپ نامراتلاردىن ھال سورىغانىدى، بۇ يىل يېڭى يىل ۋە قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن 2500 يۈەن نەق پۇل ۋە 750 كىلوگرام ئۇن تەييارلاپ، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياردەم قىلدى. قۇربان ھېيت ھارپىسىدا مەكىت بازىرى 7 - رايون ھېيگاھ مەسچىتىدىكى دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئامما بىرلىكتە 1500 يۈەن پۇل يىغىش قىلىپ، نامرات ئائىلىلەردىن ھال سورىدى. (ئابدۇرېشىت ۋاسىل)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

▼قاغىلىق ناھىيىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قىشلىق مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتىدە نامرات ئائىلىلەرگە بەس - بەستە پۇل، كىيىم - كېچەك ئىئانە قىلدى، 2006 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە 250مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئاممىنىڭ قولىغا دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈلدى. (سىدىق تۇردى)

▼بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا شاۋرتاي 3 - كەنتىدىكى **ھەبىبۇللا مۇھەممەد** 32مىڭ يۈەن خەجلەپ ئۆز كەنتىدىكى مەسچىتكە بىر دانە يار قازنى ئورنىتىپ بەردى. (ئابدۇرېھىم مەمتىلى)

▼باي ناھىيە بازىرىدىكى يەككە تىجارەتچى ما جىڭفۇ(خۇيزۇ) 100 كىلگرام گۆش ئېلىپ ناھىيىلىك ساناتورىيىگە ياردەم قىلدى.

(ھەسەن ئابدۇۋەلى)

▼قاغىلىق ناھىيە چوپان يېزىسىدىكى بىر ستۇدېنت راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئائىلىسى ئېغىر قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا يېزىدىكى دىنىي زاتلار ھەمدە ناھىيىگە قاراشلىق ھەر قايسى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بولۇپ 2600دىن كۆپ كىشى 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە 55مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى.

(سىدىق تۇردى)

▼كورلا شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى **كېرەمجان لېتىپ** 2005 - يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كورلا شەھەرلىك يېڭىشەھەر يېزا مەركىزى باشلانغۇچ مەكتىپىگە كېلىپ، ئوغلىنىڭ سۇنئەت تويىغا ئاتاپ قويغان 10مىڭ يۈەنىنىڭ يېرىمىنى كورلا شەھىرىنىڭ 8 يېزىسىدىكى 25 نەپەر يېتىم، نامرات ئوقۇغۇچىغا تارقىتىپ بەردى. كورلا شەھىرى قارا يۇلغۇن يېزىسىنىڭ كاسىرى ھاۋاگۇل ئوغلىنىڭ سۇنئەت تويىغا ئاتالغان 1000 يۈەننى تۆۋەندوغار كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى 12 نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىغا تارقىتىپ بەردى. (ئەخمەتجان ھوشۇر)

## خەۋەرلەر

▼2006 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - ، 10 - كۈنى قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر شەھىرىدىكى 60 نەچچە دىنىي زاتتىن ھال سورىدى. (ق ۋ ئى ج)

▼2006 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى يىغىن ئېچىپ، 2006 - يىللىق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. (ق ۋ ئى ج)

▼قۇربان ھېيت، چاغان مۇناسىۋىتى بىلەن بىڭتۇەن 3 - دىۋىزىيە پەيزاۋات باش مەيدان رەھبەرلىكى 2006 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 22مىڭ 180يۈەن پۇل ئاجرىتىپ دىنىي زاتلارنى يوقلىدى. (مەھەممەت قۇربان، سەمەت ئابلىز)

▼مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شامال، ئاناركۆل، ئالاغىر، سېرىقبۇيا قاتارلىق يېزا - بازارلىرى يېزا مالىيىسىدىن 8000 يۈەن ئاجرىتىپ، تەۋەلىكىدىكى 45 نەپەر دىنىي زاتتىن قۇربان ھېيتلىق ھال سورىدى.

(ق ۋ ئى ج)

بۇ سان «ئەلكاتىپ 3.9» نۇسخىسىدا ئىشلەندى ۋە يېڭىلانغان «ئەلكوررېكتور»دا كوررېكتورلۇق قىلىندى.
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد



2006 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللا بىن ئابدۇل ئەزىز بېيجىڭ دياۋيۈتەي دۆلەت مېھمانخانىسىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى.



2005 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئىئوردانىيە پادىشاھى ئابدۇللا II جۇڭگو بۈيۈك مېھمانخانىسىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى.







2006 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇسۇلمان زاتلارغا قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى.



2006 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى كۇۋەيت دۆلىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا بېرىپ، ئەمىر جابىر ساباھنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى.





جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى لەنجۇ جۇڭچۇەن خەلقئارا ئايروپورتىدا ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكىدىكىلەرنى ئۇزىتىپ، ئۇلارغا ئاق يوللۇق تىلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



《中国穆斯林》（维吾尔文版） «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)
ISSN 1007-5836
国际标准刊号：ISSN1007—5836 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
国内统一刊号：CN11—1346/B مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
国内邮发代号：（新）58—167 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:
国外发行代号：Q1720 چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:
公开发行 ئاشكارا تارقىتىلىدۇ
定价：4.50元 باھاسى: 4.50 يۈەن